
بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني

4

1997

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

www.uyghurkitap.com



١ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيا-
رەت ئۆمىكى شىياڭگاڭدىكى جيۇلۇڭ
مەسچىتىدە، شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار
بىلەن بىللە جۈمە نامىزى ئۆتىگەندە،
مۇسۇلمان قېرىنداشلار رەئىس سالىھ
ئەن شۇېي ئاخۇن، مۇئاۋىن رەئىس
مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭلار بى-
لەن قىزغىن ۋە سەممىي سالاملاشتى.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى
شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئا-
ۋىن رەئىسى ئىمام ھەسەن ھاجىنىڭ
ھەمراھلىقىدا مىچۈەن ناھىيىسىدىكى
گۇمۇدى جامەسىنى زىيارەت قىلغاندا،
سانجى ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى-
نىڭ مەسئۇللىرى ۋە جامە ئاخۇنلىرى
بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشتى.



بۆگۈر ناھىيىسىدىكى دىنىي
زاتلار ئۆگىنىش-ئېكسكۇرسىيە ئۆمى-
كى كورلا، قاراشەھەر، باغراشتىكى
ئۆلگىلىك مەسچىت قاتارلىق جايلارنى
ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەج-
رىبىلىرىنى ئۆگەندى. سۈرەتتە: ئۇلار

## «قۇرئان كەرىم»دىن

قال الله تعالى
وإذا حييتم بتحية فحيوا
بأحسن منها أو ردوها
إن الله كان على كل
شيء حسيبا

ئاللاتائالا ئېيتىدۇركى:

”سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋەئەلەيكۇمئەسسالام دەڭلار). ئاللا ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىدىن (يەنى بەندىلىرىنىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرىدىن) ھېساب ئالغۇچىدۇر.“ (4-سۈرە، 86-ئايەت).

(خەتتات: سالىھ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مۇندەرىجە


## 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خادىملىرى 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ........................ (4)

دىنىي زاتلار 15-قۇرۇلتاي روھىنى قىزغىن ئۆگىنىمەكتە (6)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى توغرىسىدا .......... ............................ ئابدۇۋەھاب (7)

«سۈرە كەۋسەر» نىڭ نازىل قىلىنىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئىسلام دىنىنىڭ ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى ئىدىيىسىگە بىر نەزەر ........................................ لى خۇڭمىڭ (14)

«قۇرئان كەرىم» نى تۇمار قىلىپ ئېسىۋېلىش جايىزمۇ؟ ......... ئىسمائىل ياقۇپ، مۇھەممەد تۇرسۇن يۇسۇپ (19)

## ئىسلام ئەقىدىلىرى

تەۋھىد ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

........................................ شھابىدىن ئابدۇلئەھەد (21)

## ۋەز-تەبلىغ

"ئاللانى بىر دەپ تونۇش" ئىمانىنىڭ مېغىزىدۇر
—«سۈرە ئىخلاس» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە
........................................ ما يىخا (25)

ئىسلام دىنىنىڭ ئىتتىپاقلىق نۇقتىئىنەزىرى توغرىسىدا
........................................ دەي جۇنفېڭ (28)

ئىسلام دىنىنىڭ تۇغۇلۇش-ئۆلۈش نۇقتىئىنەزىرى توغرىسىدا
........................................ خۇاڭ يىچۇەن (31)

## «قۇرئان كەرىم» تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» دىكى 36-سۈرە (ياسىن سۈرىسى) 36-ئايەت بىلەن 21-سۈرە (ئەنبىيا سۈرىسى) 32-ئايەتنىڭ ئىلمىي شەرھىسى ...... غازىز ھاجى داموللا (قازاق) (34)


بسم الله الرحمن الرحيم

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

CHINA MUSLIM

(پەسىللىك ژۇرنال)


باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
مەسئۇل مۇھەررىر: رىشت ھاجى ۋاھىدى
تېخنىك تەھرىرى: ئابلىز قاسىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئېلى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتانومۇرى: 100053 تېل: (010)63513181
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى 119-قورۇ پوچتانومۇرى: 830001 تېل: (0991)2865729

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编：夏米西丁哈吉
责任编辑：热西提哈吉·瓦依提
技术编辑：阿布力孜·卡斯木
封面设计：艾力
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
（北京市宣武区南横西街103号）
邮政编码：100053 电话：(010)63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路119号
邮政编码：830001 电话：(0991)2865729

## ئىسلام ئەدەپ-ئەخلاقى


مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەب-ئەخلاقى …………………… ئابدۇخالىق ئالىم (36)

ئىسلام دىنى ۋە ئىنسانىي پەزىلەت …………………… ئۆمەرجان مۇھەممەد (38)


## ئىسلام مائارىپى


«قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشتا بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار توغرىسىدا………… ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (40)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام دىنى دەرسلىرىنى ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى …………………… خۇاڭ لىيا (42)

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ياش دىنىي كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمەكتە…………………… شاھمەردان ئىمىنىياز (43)


## ئاسارئەتىقىلەر


ھەزرىتى ئەلپەتتا غوجام مازىرى …………………… ئابدۇراخمان ئابدۇللا (44)


## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار


مەرىپەتكە ساخاۋەت …………………… ئابدۇكېرىم ئۆمەر (45)

ئابدۇقادىر ھاجىم سانجۇ يېزىسىدىكى نامراتلارغا 100 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى… ئابلىمىت مۇھەممەت (59)


## باشلامچى دىنىي زاتلار


پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ باي بولغان دىنىي زات …………………… ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (46)


## ئىسلام دۇنياسى


ئىسلام دۇنياسىدىكى غەربلىشىش مەسىلىسى…………………… مۇسا (47)

دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئاھالىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى …………………… مۇسا (48)


## دوستانە بېرىش-كېلىشلەر


قاھىرە سەپىرى …………………… ما ۋېنجۇن (50)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ 9-نۆۋەتلىك مەجلىسگە قاتناشتى …………………… لوقمان ماشەنپى (52)

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇش …………………… ۋاڭ گىنمىڭ (53)


## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنى زىيارەت قىلدى … ھاجى مەھمۇدى (55)

مەملىكەتلىك 2-نۆۋەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى كېلەر يىل ئۆتكۈزۈلىدۇ … جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى (56)


## خەۋەرلەر


تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلدى …………………… شاھمەردان ئىمىنىياز (57)

بۇگۇر ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى … تۇيغۇن ئابدۇرەھىم (57)

ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتكەنلەرگە ئوقۇش مۇكاپاتى تەسىس قىلغان مەسچىت… لىۋ جېشىڭ، ياڭ داۋشىڭ (58)

روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى ھەققىدە …………………… تۈزگۈچى: مۆھتەرەم ھاجى (60)

ھىجرىيە 1418-يىللىق روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى) …………………… (61)


## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى


ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر …………………… «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (59)

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىللىق سانلىرىنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى …………………… (62)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: باي ناھىيىسىدىكى بازار جامەسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى (سۈرىتىنى شۇ شېڭجى تارتقان).


★ 1997-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشىردىن چىقتى ★

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خادىملىرى 15-قۇرۇلتاي روھنى ئەستايىدىل ئۆگەندى

جۇڭگو كومپارتىيىسى 15-قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىدىن شادلىققا چۆمگەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش دولقۇنىنى قوزغىغان ياخشى ۋەزىيەتتە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىكى مەركىزىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، جەمئىيەتتىكى بارلىق خادىملارنى ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستاز-تالىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى يولداش جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن قۇرۇلتايغا بەرگەن دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئاكتىپ ئۇيۇشتۇردى. رەئىس سالىھ ئەن شۇيى ئاخۇن مۇنداق دېدى: "باش شۇجى جياڭ زېمىن 15-قۇرۇلتايغا بەرگەن دوكلاتىدا: 'پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش، مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى، مۇھاجىرلار سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم' دەپ تەكىتلەپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مىللىي، دىنىي خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى، بولۇپمۇ بىز دىنىي زاتلارنى قۇرۇلتايغا بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلاشقا سىرتتىن قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنىڭ چىنلىقىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپىنىڭ كەڭ دائىرىلىكلىكىنى ۋە بىز دىنىي زاتلارغا يۈكسەك دەرىجىدە ئىشىنىدىغانلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى." مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ مۇنداق دېدى: "يولداش جياڭ زېمىننىڭ دوكلاتىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە يېتەكچىلىك ئەھمىيىتى چوڭقۇر بايان قىلىنغان، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈش چاقىرىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دوكلاتتا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ توپ لۇشيەنىگە ئاساسەن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى، بولۇپمۇ 14-قۇرۇلتايدىن بۇيانقى مول تەجرىبىلەر ئەتراپلىق ۋە ئەستايىدىل يەكۈنلەنگەن. پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى توپ پروگراممىسى سىستېمىلىق

ۋە ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بايان قىلىنغان ھەمدە ئەسىر ھالقىپ ئىشلىنىدى-
غان ئۇلۇغۋار ئىشلار ستراتېگىيىلىك ئاساستا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.» ئۇ مۇنداق
دېدى: «مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا
چوقۇم ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى
چوڭقۇر، ئۇزاق مۇددەت قانات يايدۇرۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد
ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ۋە دىنىي ئىشلارنى قانۇن
بويىچە باشقۇرۇشىغا ياردەمدە بولۇپ، ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم جەم-
ئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى لازىم.» مۇئاۋىن رەئىسلەر نوئمان ما
شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار
مۇ 15-قۇرۇلتاينىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە يولداش جياڭ زېمىنىنىڭ دوكلاتى ھەققى-
دە ئۆزلىرىنىڭ تەسىرات ۋە تونۇشلىرىنى بايان قىلىشتى، ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:
«يولداش جياڭ زېمىنىنىڭ دوكلاتى زور نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە
شانلىق تارىخىي ھۆججەت، پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى
يېڭى ئەسىرگە يېتەكلەيدىغان سىياسىي خىتابنامە، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ۋە پۈتۈن مەم-
لىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىدىكى ھەرىكەت
پروگراممىسى. بىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر دوكلاتنىڭ روھىنى ئەستايىدىل
ئۆگىنىمىز ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرىمىز ھەمدە ئۇنى خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچى
قىلىمىز.»

ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە جەريانىدا نۇرغۇن يولداشلار سۆزلەپ مۇنداق دېيىشتى:
جياڭ زېمىن شۇجىنىڭ دوكلاتىدا، ئەسىر ئالمىشىۋاتقان تارىخىي يۇكسەكلىكتە
تۇرۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ بىر ئەسىردىن بۇيانقى كۈرەش مۇساپىسى ئەسلەپ
ئۆتۈلگەن، يېڭى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 50 يىللىق تەرەققىيات مەنزىرىسى كۆرسىتىپ
بېرىلگەن، تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىش ئاساسىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋې-
تىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىغۇچ تەرەق-
قىياتى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا دائىر زور مەسىلە-
لەر ئۈستىدە توغرا تەشەببۇس، يېتەكچى پرىنسىپ ۋە فاڭجېن-سىياسەتلەر ئوتتۇ-
رىغا قويۇلغان. بىز 15-قۇرۇلتاي روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن، ئىسلام دىنى جەھەتتىكى
خىزمەتلىرىمىزنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت
مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇ-
شىغا ئاكتىپ قاتناشتۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئىسلام دىنىنى
سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا ھەم كەڭ مۇسۇلمانلارنى يېڭى ئە-
سىرنى كۈتۈۋېلىش يولىدا تۆھپە يارىتىشقا يېتەكلەشكە تىرىشىمىز.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# دىنىي زاتلار 15-قۇرۇلتاي روھىنى قىزغىن ئۆگەنمەكتە

پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتلىك 15-قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك يېپىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى. جۈملىدىن ھەرقايسى جايلاردىكى دىنىي زاتلارمۇ قاتلاملار بويىچە تۈرلۈك ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ، قۇرۇلتاي روھىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، مۇسۇلمانلارنى يېتەكلەپ، قۇرۇلتاي بەلگىلىگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش جەھەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يولىدا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

**ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن تۇرسۇن مۇھەممەت شەۋكەتنىڭ خەۋەر بېرىشىچە:** ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئاتاقلىق ئۆلىمالاردىن 40 نەپەر كىشى 10-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپكە يىغىلىپ، 15-قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئۆگەنگەن، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى راخمان ۋاھاب ھاجىم، مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇقادىر ھاجىم، ما خۇڭ ھاجىملار ئۆگىنىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشقان، ئۆگىنىش ئاخىرلىشىدىغان كۈنى ۋىلايەتنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابلا ئاپاق ئاخىرلىشىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ مۇھىم كۆرسەتمىلەرنى بەرگەن.

**باي ناھىيىسىدىن ھەسەن ئابدۇۋەلىنىڭ خەۋەر بېرىشىچە:** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈنۈس داموللا ھاجىم، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ياسىن قارىي ھاجىم ھەم يۈسۈپ داموللا، ھامدۇن ھاجىم قاتارلىق ئابرويلۇق دىنىي زاتلارنىڭ باشلامچىلىقىدا، باي ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قاتلاممۇقاتلام 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش دولقۇنى قوزغالغان.

**قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىدىن رازىق ھاجىمنىڭ خەۋەر بېرىشىچە:** 10-ئاينىڭ 16-كۈنى 150دىن ئارتۇق دىنىي زاتنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئوبلاست بويىچە دىنىي زاتلارنىڭ 15-قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن، سۆھبەت يىغىنىدا، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى رۇستەم قارىي ھاجىم قاتارلىق سەككىز نەپەر دىنىي زات ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش تەسىراتلىرىنى سۆزلىگەن، يىغىنغا ئوبلاستنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇھەممەت ھەسەن، ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت كېرەم ۋە ئوبلاستلىق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قاتناشقان.

**قاراشەھەر ناھىيىلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدىن ئوسمان تۇرسۇننىڭ خەۋەر بېرىشىچە:** قاراشەھەر ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى بىر بازار، يەتتە يېزا، بىر ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ۋە بىر چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى 85 مەسچىتتىن ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئىمام-ئاخۇنلار ۋە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىدىن بولۇپ 160دىن ئارتۇق دىنىي زات ناھىيىگە يىغىلىپ، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگەنگەن ۋە مۇزاكىرە قىلغان.

**گۇما ناھىيىسى موكويلا يېزىسىدىن غوجىبۇل ھارۇننىڭ خەۋەر بېرىشىچە:** 10-ئاينىڭ 3—4-كۈنلىرى بۇ يېزىدىكى 54 نەپەر دىنىي زات 15-قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە مۇزاكىرە قىلغان.

# ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى توغرىسىدا

ئابدۇۋەھاب

ئىسلام دىنى يۈكسەك ئەدەب ئىدىيىسى ۋە ئەخلاق قائىدىسىگە ئىگە دىن، ئۇنىڭ ئىدىيە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش نۆۋەتتە مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئۈيغۇنلىششتا چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدە ئىسلامنىڭ ئەخلاق ئىدىيىسى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە "نىشان بىلەن دىئالېكتىكنىڭ بىرلىكى"، "ئىمان بىلەن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ بىرلىكى"، "ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئۈلگىلىك رولنىڭ بىرلىكى"، "مەۋجۇت نۇقسانلارنى بىلىش بىلەن ئەمەلىيەتچىللىكنىڭ بىرلىكى"، "روھىي تەربىيىلىنىش بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىرلىكى"، "ئىسلام ئەھكاملىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىنىڭ بىرلىكى" دېگەن ئالتە تەرەپتىن دەسلەپكى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

## 1. نىشان بىلەن دىئالېكتىكنىڭ بىرلىكى

ئەخلاق ئىدىيىسى قۇرۇلۇشى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم، شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئەڭ تۈپ ئىچكى ئامىلى، يۈكسەك مەدەنىي جەمئىيەت تەرتىپى-ئورنىتىشنىڭ تۈۋرۈكىدۇر. ھەرقانداق بىر خىل ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي تۇزۇم كىشىلەرنىڭ ئېسىل ئەخلاقى ۋە يۈكسەك ئىش-ھەرىكىتى بىلەن مۇكەممەللىشىدۇ. ئەدەب-ئەخلاق قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككىلا دۇنياغا تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان ھاياتلىق نىشانىنى نىگىز قىلغان بىر پۈتۈنلۈكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ "ئىككىلا دۇنياغا تەڭ ئېتىبار بېرىش" كۆز قارىشى ئۇنىڭ بارلىق دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىسىنىڭ باش ئالدىنقى شەرتى، ئىسلام ئەدەب-ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى دۇنيالىق ھاياتلىق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئالدى بىلەن، تىنچ، مۇقىم، ماسلاشقان ھاياتلىق شارائىتىنى يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنى ساغلام ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئىجتىمائىي ھالەتتە ياشىغاندىلا، ئاندىن ئېتىقادلىق، ئەخلاقلىق، ئالغا ئىنتىلىشچان مۇسۇلمان بولغىلى ھەمدە ئومۇمىي مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغىلى بولىدۇ؛ مۇبادا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئەخلاقى قۇرۇلۇشى بولمىسا، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئەقلىي ياردىمى ۋە ئېتىقاد كاپالىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ "ئىككىلا دۇنياغا تەڭ ئېتىبار بېرىش" دېگەن كىشىلىك قارىشى تولۇق دىئالېكتىكىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىدۇر، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئەر-ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قى-

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

لىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەللىرىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز" (16-سۈرە، 97-ئايەت). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: "بۇ دۇنيايىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن گويا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك، ئاخىرىتىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن گويا ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك." مانا بۇ، ئەخلاق ئىدىيىسى بىلەن ئىجتىمائىي ئىش-ھەرىكەتنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ھاياتلىق، دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىدۇر، يەنى مۇسۇلمانلارنى بۇ دۇنيالىق ئىشلار ئۈستىدە ئاخىرەتلىك روھ بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتۇر.

ئىسلام دىنى شۇنى تەشەببۇس قىلىدۇكى، مۇسۇلمانلار "ئۈمىد بىلەن قورقۇش" ئوتتۇرىسىدا ياشىشى كېرەك، يەنى مۇسۇلمانلاردىن ھەممە ۋاقىت ئاللاتائالانىڭ مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشىپ تۇرۇش، ئاللاتائالانىڭ ئىلتىپاتىدىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈمىدىدە بولۇش، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچتە بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىمانىم بارغۇ دەپلا ئۆزىنى بوش قويۇۋەتمەي، ئۆزىنىڭ سۆز-ھەرىكىتىدىكى سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ نەپرىتىگە، مەھرۇمىغا ئۇچراپ، يېتىم، ياردەمسىز ئىدىيە ھالىتىدە بولۇپ قېلىشتىن ھەر دائىم سەزگۈر بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ، ھەربىر مۇسۇلمان ئازاب-ئوقۇبەت ئېچىدا بولۇپ، ئۆزىنى ھەممە ۋاقىت ئېتىقاد بىلەن ئەخلاق قائىدىسى ئىچىدە ياشاۋاتىمەن دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ۋە ئاللا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەر دائىم تەرتىپكە سېلىپ تۇرۇشى لازىم، دېگەنلىكتۇر. ئىسلام دىنى ئىككىلا دۇنياغا تەڭ ئېتىبار بېرىش ئىدىيىسىنى دىنىي ئەھكامدىكى ئاساسىي بىلىم دەپ ھېسابلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇنى ئەدەب-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ نەزەرىيىۋى ئالدىنقى شەرتى قىلىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلغان.

## 2. ئىمان بىلەن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ بىرلىكى

ئىسلامنىڭ ئەخلاق قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكى مۇسۇلمانلارنىڭ چىن ئىمانى ئۈستىگە قۇرۇلغان، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ، مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا — قۇرئان ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر—ئىمان ئېيتقانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئاللا ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلايدۇ (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇناھ قىلمايدۇ)" (47-سۈرە، 2-ئايەت). ئىسلام ئەخلاقى ئىماننىڭ نەتىجىسى ۋە گەۋدىلىنىشىدۇر، ئەخلاق ئېڭى كەملەر، ۋەدىگە ۋاپا قىلمىغانلار، ھەققانىي نىيەتتە بولمىغانلاردا ئىمانمۇ بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ئىسلام ئىمانى ناھايىتى پاك بولغان بىر خىل ئەخلاق قارىشى بولۇپ، ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەدەب-ئەخلاقى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىغا ئايلىنىدۇ.

ھەربىر ھەقىقىي مۇسۇلمان ئىماندا چىڭ تۇرۇشى، يەنە كېلىپ ئېسىل ئەخلاق تەبىئىتىگە ئىگە بولۇشى ھەمدە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت (ساۋاب بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىمىز، ئىمان ئېيتقان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزىگەن كىشىلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر"(6-سۈرە، 48-ئايەت). ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ قارىشىچە، مۆمىنلەر يامانلىقتىن يىراق بولۇشى، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي

ئىش-ھەرىكىتى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكى
ۋە نام- شۆھرىتىگە كاپالەت بېرىدىغان بولۇشى
لازىم؛ مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ سۆزى، كۈچ-قۇۋۋىتى
ئارقىلىق كىشىلەرنى ئامان تۇرمۇشقا ئىگە قىلىدى-
غانلاردىن بولۇشى لازىم. مانا بۇ مۇسۇلمانلاردىن
مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈك-
سىز تىرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەخلاقى تەربىيىلىنىشىنى
مۇكەممەللەشتۈرۈشنى، چىن ئىماننى ئالدىنقى
شەرت قىلىش ئاساسىدا ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بى-
لەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مە-
سىلەن، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ:
”كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ياكى شەرىئەت
ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن)، ئۇنىڭ ئەمەلى
(نىڭ ساۋابى) يوققا چىقىرىلىدۇ؛ ئاخىرەتتە ئۇ
زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ“ (5-سۇرە،
5-ئايەت). بۇ، مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ ئىمان
نىزاملىرى سىستېمىسىنى ئوبيېكتىپ ئەخلاق
ئىش-ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، نىزامدىن چىقماي،
نىيىتى بويىچە ئىش قىلالايدىغان دەرىجىگە يېتىشى
كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

تۆپ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى قەلب-
تىكى ئىمان ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تە-
رىشىپ تەڭشەيدىغان بىر دىن، مۇسۇلمانلارنىڭ
ئىمانى ئىجتىمائىيلىق قىممىتىگە ئىگە، يەنى جەم-
ئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭىغا، نىشانىغا
ۋە ئالدىنقى شەرتىگە ئىگە، ئىككىنچى تۈرلۈك قى-
لىپ ئېيتقاندا، ئۇ جەمئىيەتكە ئۆزلۈكىدىن چۆكە-
دۇ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدۇ، جەمئىيەتنىڭ
خوجايىنى بولىدۇ. ئەگەر ئىمانلا بولۇپ، ئىجتىما-
ئىي ئەمەلىيەت بولمىسا، ئۇ ئىمان قۇرۇق ئىمان
بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ تۆپ قىممىتىنى يوقىتىدۇ؛
ئەگەر ئەمەلىيەتلا بولۇپ، ئېنىق ئىمان بولمىسا،
ئۇ قارىغۇلارچە ئەمەلىيەت بولۇپ، جەمئىيەت ئۈ-
چۈن ھەقىقىي تۈردە خىزمەت قىلالمايدۇ. مۇسۇل-
مانلار ئىمان بىلەن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى بىر-
لىككە كەلتۈرگەن جەمئىيەت قۇرغۇچىلاردىن بولۇ-
شى، ئىمانى چىڭ، ئىقتىدارلىق، ئىستىلى توغرا
مەنىۋى مەدەنىيلىك ئۈلگىلىرىدىن بولۇشى كېرەك.
«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”ئىمان
ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە
ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى
تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم
چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر“ (103-سۇرە، 2—3-
ئايەتلەر). يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”ئازابتىن ئەمىن
بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئا-
رىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدا-
يەت تاپقۇچىلاردۇر“ (6-سۇرە، 82-ئايەت).

## 3. ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئۈلگىلىك رولىنىڭ بىرلىكى

ئىسلام دىنى جەمئىيەتنى ياخشىلاش مەقسە-
تىگە يېتىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دى-
نىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە
ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇشىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرى-
دۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”(ئى
مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى
ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ،
يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاغا ئىمان ئېيتىدىغان
ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر“ (3-سۇرە، 110-ئا-
يەت). ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن كەمبەغەللەر-
نى يۆلەپ، خېيىم-خەتەرگە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇ-
زۇشنى، كۈچلۈكلەرگە قارشى چىقىپ، ئاجىزلارنى
يۆلەشنى، كەڭ قورساق، مەردانە بولۇش، كىشى-
لەرگە خۇشاللىق كەلتۈرۈش، ھېسداشلىق روھىغا
باي بولۇشتەك ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقلارغا ۋا-
رىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنى، ئۆزىنى
قۇربان قىلىدىغان پىداكار روھقا، جاپا-مۇشەققەت-
تىن قورقمايدىغان پەزىلەتكە ۋە ئىنتىپاقلىشىپ ئا-

www.uyghurkitap.com

غا ئىلگىرىلەيدىغان ئىدىيىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "سىلەر ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار" (5-سۈرە، 2-ئايەت). شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يەنە جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگەللەشنى تەلەپ قىلىپ: "ئاندىن سېنى بىز (ئى مۇھەممەد!) دىن ئىشىدا (روشەن) بىر يولدا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن، بىلمەيدىغانلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن" (45-سۈرە، 18-ئايەت) دەيدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىۋى ئەخلاق ئامىللىرى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتە تاۋلىنىپ، يۈكسىلىپ تارقالغان، ۋارىسلىق قىلىنغان ۋە قانات يايدۇرۇلغان. ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى شەرىئەت قانۇن-نىزاملىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى قېلىپقا چۈشۈرىدىغان ئۆلچەم ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك ئاساسى بولۇپ قالغان.

ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئاسان قوبۇل قىلىنىش، تېز تارقىلىش جەريانىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇ بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن تەشۋىق قىلىشقا تايانغان، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزى گەۋدىلەندۈرگەن ئۈلگىلىك رولغا تايانغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيەۋى ئېڭىنىڭ ئەخلاق پروگراممىسى «قۇرئان كەرىم»دۇر، ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ئەخلاق ئۈلگىسى بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، يەنى پەيغەمبەر سۈننىتىگە ئەمەل قىلىشتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالىي ئىنسان خىسلىتىنىڭ ۋە ئەخلاقىنىڭ نەمۇنەسىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: "مەن ئالىي ئەخلاقنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەۋەتىلگەنمەن"، «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغاندەك: "(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقىقا ئىگىسەن" (68-سۈرە، 4-ئايەت). يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: "سىلەرگە — ئاللانى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللانى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە—رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر" (33-سۈرە، 21-ئايەت).

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مۇسۇلمان چوڭلار ئەخلاق تەربىيىلىنىشى جەھەتتە كېيىنكى ئەۋلادلارغا تەربىيە بېرىش ۋە ئۈلگە بولۇش مەسئۇلىيىتىگە ئىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سىلەر باقىقۇچىلار ھېسابلىنىسىلەر، سىلەر ئۆزەڭلار باقىقانلارغا جاۋابكار بولىسىلەر"، يەنى ھەربىر مۇسۇلمان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى بولۇپ بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىدۇ، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "... ياخشى سۆز ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ..." (35-سۈرە، 10-ئايەت).

ئىسلام دىنى ۋارىسلىق قىلىنىدىغان ئەنئەنىلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئۈلگىلىك رول ئارقىلىق تىنچ شارائىتتا ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى شەرھلەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىل ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئارقىلىق جەمئىيەتكە، دەۋرگە ماسلىشىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن بۇ دۇنيالىققا ئاكتىپ قاتنىشىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، يۈكسەك ئەخلاق تەبىئىتى ۋە سەممىي كەسپچانلىق روھى بىلەن، بۇ دۇنيادا پۈتكۈل ياخشى ئىشلار ۋە نەرسىلەرنى يارىتىش بىلەن مەشغۇل بولۇشنى، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئىناق، دوستانە، ئازادە، كۆڭۈللۈك بولغان، بىر-بىرىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئىنسان مۇناسىۋىتى ۋە تەبىئىي، رەتلىك تۇرمۇش تەرتىپى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدە كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە سەممىي-سادىق بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئاسراش، ئا-

تا-ئانىغا ۋاپادارلىق قىلىش، سودىدا تەڭ-باراۋەر بولۇش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش قاتارلىق بىر قاتار پرىنسىپلار قاتتىق تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇ ھال ئىسلام دىنى ئىدىيىسىنى قوغداش ۋە جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئىدىيە ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن پۈتۈنلەي ماسلىشىدۇ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ.

## 4. مەۋجۇت نۇقسانلارنى بىلىش بىلەن ئەمەلىيەتچىللىكنىڭ بىرلىكى

ئىسلام ئەدەب-ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئىدىيىسىنى جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا زىچ بىرلەشتۈرگەندە، ئۇ ھەرقانداق جەمئىيەت، جامائەت ۋە دەۋرنىڭ ئورتاق نۇقسانلىرىغا قاراتما بولالايدۇ.

تارىخ ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق ئىجتىمائىي فورماتسىيىدە ئەڭ ئاچقۇچلۇق نۇقسان ئەخلاق-ئېتىقاد بوھرانىدۇر، ئىسلام دىنى شەخس ئاساسىي بىرلىك قىلىنغان ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى تۈزىتىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىجتىمائىي مەدەنىيلىككە ماسلىشىش جەھەتتە، كۈچلۈك ئۈيغۇنلىشىش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى مەنىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى شەخسنى ئاساس قىلىپ قانات يايدۇرۇپ، شەخسنىڭ ئىچكى تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللانى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار ئاللانى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار خۇشاللىققا، گۈزەل قارارگاھقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ" (13-سۈرە، 28—29-ئايەتلەر).

ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان "دىنىنىڭ مەنبەسى سەككىز ئىشتۇر" دېگەن قائىدە چوڭقۇر ئېتىبارغا ئېرىشىپ، تەسىرى چوڭقۇر تارقىلىپ، بۇ خۇسۇسىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى بولدى، ئۇنى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىقادى ۋە ئەدەب-ئەخلاقىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: "بىرىنچى،ئاللانى بىر دەپ تونۇش، ئىككىنچى، ئاللانى ئادىل دەپ بىلىش، ئۈچىنچى، پەيغەمبەردىن ئەيمىنىش، تۆتىنچى، ئىمامدىن ئەيمىنىش، بەشىنچى، كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇش، ئالتىنچى، كىشىلەرنى يامان ئىش قىلىشتىن توسۇش، يەتتىنچى، زىنادىن يىراق بولۇش، سەككىزىنچى، دانالارغا يېقىنلىشىش"، بۇلاردىن ئالدىنقى تۆتى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىغا بولغان كونكرېت تەلەپ، كېيىنكى تۆتى بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەدەب-ئەخلاقىنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، بۇلار ھەم قاراتمىلىققا، ھەم ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە.

ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىش ئىسلام ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى، ئىسلام دىنى بولسا، نىسپىي مۇستەقىللىققا، نىسبەتەن چىنلىققا ئىگە ئىدىيە سىستېمىسى، شۇنداقلا بىر خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ ئېتىقادچىلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆملۈكىنىڭ ئىدىيىسى، ئېتىقادى، يۈزلىنىشى، ئارزۇسى ۋە تەلەپ-ئىزدىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي رولى شۇكى، ئۇ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋر، رايون شارائىتى ۋە ئىجتىمائىي فورماتسىيە، ئادەمنىڭ ئىدىيە-ھەرىكىتى ئۈستىدە، ئۆزىنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە ئەدەب تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قېلىپلاشقان تەربىيە يۈرگۈزىدۇ ۋە چەكلىمە قويىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بىر خىل ئەخلاقىي پەزىلەتنى يارىتىپ ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇپ قىممەت نۇقتىئىنەزىرىگە ئۇيغۇن كېلىدى-

غان مەنىۋى مەدەنىيلىك كەيپىياتىنى تىكلىشكە، بىر خىل نورمال ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ ماكانىنى يارىتىشىغا ياردەم بېرىدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ، شۇنىڭدەك شۇ ئارقىلىق ئىناق ئورتاقلىققا باشلايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللا يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ...“ (6-سۈرە، 153-ئايەت). يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”... ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللانىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللا ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللانىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ“(30-سۈرە، 30-ئايەت).

## 5. روھىي تەربىيلىنىش بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىرلىكى

جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا، ماددىي مەدەنىيلىكنىڭ ئۇلغىيىشى بىلەن بىرگە كىشىلەر مەنىۋى تۇرمۇشتىمۇ خوجايىنلىق تالالاش، خىلمۇ-خىللىق ۋە رىقابەت ئېڭىنى مۇناسىپ ئاشۇرىدۇ، بۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى مول، كۆپ خىل بولغان ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، كىشىلەر ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردە تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئىسلام دىنى ئۇنىڭدىكى ھالقىلىق مەسىلە روھىي تەربىيلىنىشتە دەپ قارايدۇ.

ئىسلام دىنى روھنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە پاكلاشتۇرۇشنى ئاساسەن، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدىغان بەش پەرز ئارقىلىق ھەل قىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئۇيغۇنلىشىدىغان ھالەتنى ئۇستۇرۇپ، ياخشى ئەخلاق مۇھىتىنى بەرپا قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەندى: ”مۆمىننىڭ (قىيامەت كۈنى نامە ئەمەللەر تارتىلىدىغان) تارازىسىدا چىرايلىق خۇلقتىن ئېغىر كېلىدىغان نەرسە يوق“. يۈكسەك ئەخلاقنى شەكىللەندۈرۈشتە، روھنى چاكىنا ماددىي ھەۋەسلەردىن ساقىت قىلىش، تىل، ئىش-ھەرىكەت، خۇلق جەھەتلەردىن تەربىيلىنىشنى كۈچەيتىش كېرەك، ئاندىن ئاللانى رازى قىلغىلى بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن“ (89-سۈرە، 27—30-ئايەتلەر).

ئىسلام دىنى، ئەگەر ئىنساننىڭ روھى ئۆز ۋاقتىدا يېتەكچىلىكتە ئېرىشەلىسە، مۆلچەرلەپ بولغۇسىز ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ، دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ“ (91-سۈرە، 9-ئايەت). روھ پاك ھەم توغرا بولىدىكەن، تەبىئىي ھالدا، جەمئىيەتنى تىنچ-ئامانلىققا ئىگە قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ياخشىلايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ...“ (5-سۈرە، 105-ئايەت). بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شەخسلەرنىڭ روھىي تەربىيلىنىشى ئىجتىمائىي ئەخلاققا ماس كېلىدىغان شەخسىي مەنىۋى مەدەنىيلىك بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ئۆلچىمى ۋە قىممەت نىشانىغا ئايلاندۇرۇپ، مۇسۇلمانلارغا خاس بولغان شەخسىي ئەخلاق سۈپىتى قىلىپ شەكىللەندۈرىدۇ،

مانا بۇ روھىي تەربىيىلىنىش بىلەن ئىجتىمائىيلىقنىڭ بىرلىكى، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ شەخسىي ئەخلاقىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى جەريانىدۇر.

## 6. ئىسلام ئەھكاملىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىنىڭ بىرلىكى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق قىممىتى ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىشىغا ھەم بۇنداق قىلىش دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا قاراپ يۈزلىنىدۇ ياكى بەلگىلىنىدۇ، يەنى ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلسە، ئۇ، ھەقىقىي مۆمىن بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئەھكاملار تەلىپىنى ئىنكار قىلسا، ئاسىي بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئەھكاملارغا رىئايە قىلىش دەرىجىسى ئاللانى رازى قىلىش دەرىجىسىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، ئاخىرەتتە مۇكاپاتلىنىش ياكى جازالىنىش دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشى ئىسلام ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ ئالىي گەۋدىلىنىشىدۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق جەھەتتە ئۆزىنى تۇتۇشى بىلەن ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇنداق: مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشى ئىسلام فىقھەسى بىلەن ئىسلام نىزاملىرى، ئەھكاملىرىدىن كېلىدۇ، شۇنىڭدەك جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ تۇرىدۇ؛ ئۆزىنى تۇتۇش ئىسلام دىنىنىڭ قىممەت كۆز قارىشى (يەنى ”ئىككىلا دۇنياغا تەڭ ئېتىبار بېرىش “ ئىدېئولوگىيىسى)نىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋە شەخسنىڭ قەيسەر ئىرادە كۈچىگە موھتاج؛ ئۆزىنى تۇتۇش يەكلەش بىلەن ماسلىشىشنىڭ بىرلىكى بولۇشى كېرەك. ئەگەر يەكلەش بولماي، ئەكسىچە، تاشقى ئىجتىمائىي كەيپىياتقا پۈتۈنلەي ماسلىشىش بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئىسلام دىنىغا خاس بولغان قىممەت قارىشىنى نامايان قىلغىلى بولمايدۇ، لېكىن ئەگەر ئۆزىنى تۇتۇش پەقەت مۇتلەق يەكلەشلا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ياشىشىغا ئىمكانىيەت بېرىۋاتقان تاشقى ئىجتىمائىي شارائىتقا ماسلاشمىسا، ھەتتا ئۇنى رەت قىلسا، ئۇ ھالدا، رېئاللىققا ماسلىشالمىغان ھالدا ئۆزىنى چەكلەپ قويىدۇ؛ ئۆزىنى تۇتۇش ئۆزىنى بەزى ھەۋەسلەردىن چەكلەش بولۇپمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ئادەم بولغان مۇسۇلمانلار ئىسلام ئەھكاملىرىغا تۈپتىن قارىمۇقارشى بولغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلماي ياكى ئىنكار قىلىپ، ئىسلام دىنى بىلەن رېئال جەمئىيەت قارشىلاشمايدىغان ئەخلاق قارىشىنى ئاكتىپ قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىماننى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئەخلاق روھىنىڭ نۆۋەتتىكى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ھەمراھ بولالىشىنىڭ سەۋەبى بۇنداق ئەخلاق روھىدا زامانىۋى مەنىۋى مەدەنىيلىككە ئورتاق بولغان ”ماسلىق ئېڭى“ بولغانلىقىدىندۇر. ھەرقانداق بىر خىل مەدەنىيلىكتە بىز مۇشۇنداق روھىي ماھىيەتلىك ”ماسلىق ئېڭى“نى تاپالىساقلا، بىزنىڭ ئەدەب-ئەخلاقىمىز بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىمىز ھەقىقىي مەنىدىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيلىككە ئايلىنىدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى كونكرېت ئىپادە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىسقىسى، ئىسلام دىنى بىر خىل ئەقىدە، بىر خىل خۇلق، بىر خىل ئېتىقاد، بىر خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى، بىر خىل ئەخلاق تۈزۈمىدۇر. پەقەت بۇ جەھەتلەردە بۆلۈنۈش بولمىغاندىلا، ئاندىن ئۇنى مۇكەممەل ئىسلام دىنى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، ئاندىن ئىسلام دىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان مەقسەتلەرگە يەتكىلى بولىدۇ.

(داۋامى 20-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# «سۈرە كەۋسەر»نىڭ نازىل قىلىنىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئىسلام دىنىنىڭ ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى ئىدىيىسىگە بىر نەزەر

لى خۇيمىڭ

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەككىدە نازىل بولغان «سۈرە كەۋسەر» سۈرىسى ۋەزىن تونى ياڭراق ۋە كۈچلۈك، ھەجمى ئىخچام ۋە مېغىزلىق، مەزمۇنى مەنىلىك ۋە چوڭقۇر بىر سۈرە بولۇپ، ئۇنىڭ تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە: "**بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام-نىشانى قالمايدۇ**" (108-سۈرە، 1—3-ئايەتلەر). ئالاقىدار تەپسىرلەردە چۈشەندۈرۈلۈشىچە، بۇ سۈرە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن مەخسۇس نازىل قىلىنغانىكەن.

دەسلەپتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۆۋى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن نىكاھلىنىپ ئىككى ئوغۇل، تۆت قىز پەرزەنت كۆرگەن، ئەمما ئىككى ئوغلى بالدۇرلا قازا قىلىپ كېتىپ، پەقەت تۆت قىز پەرزەنتلا ھايات قالغان. مىلادى 630-يىلى مۇسۇلمانلار مەككىنى قايتۇرۇۋېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىسىرلىق ناسارا (خرىستىئان دىنىدىكى) كېنىزەك مارىيە بىلەن توي قىلىپ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. بىراق بۇ بالىمۇ پەقەت 18 ئايلا ياشاپ، كېسەل بولۇپ قازا تاپقان. بۇ بالىنى يەرلىككە قويۇش ۋاقتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆزىگە ياش ئېلىپ، ئازابلانغان ھالدا: "ئاھ بالام، توغۇلۇش، ئۆلۈشنى ئاللا بەلگىلەيدۇ، ھېچكىم سېنىڭ ئورنىڭدا بولالمايدۇ" دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نەچچە رەت ئوغۇل پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، دەرد-ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ كەڭ تارقىتىش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن.

شۇ چاغدا، بىر قىسىم مۇناپىقلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن مۇسىبەتتىن خۇشال بولۇشۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن "ئەبتەر"، يەنى "نام-نىشانى يوقالغۇچى" (نەسلى قۇرۇغان كىشى) دەپ ئەيىبلەشكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈرىكى پىچاقتا تىلىنغاندەك ئازابلانغان. بىر كىشىنىڭ پەقەت قىز پەرزەنتلا بولۇپ، ئوغۇل پەرزەنتى بولمىسا "ئەبتەر" بولامدۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرلەرنى ئەزىز، ئاياللارنى خار كۆرۈشنىڭ رەزىل ئىپادىسىدۇر. قانداق قىلغاندا كىشىلەرنى بۇ خىل ناچار ئادەتنىڭ تەسىرىدىن خالاس قىلغىلى بولىدۇ؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەل مۇشۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدە قايغۇرۇۋاتقان بىرۋاقىتتا، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا رەھمەت ئاتا قىلدى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، قايغۇرۇپ ئازابلانمىغىن، ئەگەر سەن ئاللادىن پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلىسەڭ، ئاللا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتى بىلەن ساڭا يەنە پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ؛ ئەگەر ئاخىرەت بەختىنى تىلىسەڭ، ئاللا ساڭا نۇرغۇن

بەخت ئاتا قىلدۇ؛ دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قايتا-قايتا ئويلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا، ئاللادىن يەنىلا ئاخىرەت بەختىنى تىلەشنى قارار قىلدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئاللاتائالا بۇ سۈرىنى نازىل قىلغان.

**"بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق"**، "كەۋسەر" (نۇرغۇن ياخشىلىقلار)، يەنى كەۋسەر دەرياسى، بۇ دىنىي كالاملاردا كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان"ھەۋزى كەۋسەر" (كەۋسەر كۆلى) بولۇپ، ئۇ ئېسىل شەربەت، ھەسەل، سۈت ۋە سۇلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ كىشىلەر ئاخىرەتتە تايىنىپ ياشايدىغان ھاياتلىق بۇلىقى بولۇپ، جەننەتكە كىرگەن كىشى ئۇنىڭدىن ئىچكەندىن كېيىن مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، ۋاقىتىنچە دوزاخقا كىرگەن مۇسۇلمانلارمۇ ئاللانىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىپ دوزاختىن چىققاندىن كېيىن ھەۋزى كەۋسەردە يۇيۇنسا، ئۇنىڭ جاراھەتلىرى شۇ ھامان ساقىيىپ، ئالاھىدە ياشىرىپ، گۈزەللىشىپ كېتىدۇ.

**"پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن"** دېگىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەۋرچانلىقىنى تاۋلاپ، ۋۇجۇدىنى پاكلاشتۇرۇپ، ئاللاغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئاللا باشلىغان پارلاق يولدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشقا ھەمدە قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەلبىنى پاكلاشتۇرۇپ، بارلىق نادان ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇپ، قالاق ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلاردىن ئۈزۈل-كېسىل ئادا- جۇدا بولۇپ، ئىسلامىي مۇسۇلمانلىقنىڭ يېڭى ئوبرازىنى تىكلەشكە بېرىلگەن ئەمردۇر.

**"ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام-نەشانى قالمايدۇ"**. بۇنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلىرىدىن ھالقىپ ئۆتكەن، ئۇنىڭ مۇنداق ئىككى خىل شەرھىسى بار: بىرىنچى، ئومۇمەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆچمەنلىك قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاتائالانىڭ دۈشمەنلىرى بولۇپ، بۇ دۇنيادا ئاللاتائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئاللاتائالانىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشەلمەي، مەڭگۈلۈك دوزاخقا تاشلىنىپ، قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ؛ مانا مۇشۇنداق كىشىلەرلا ئىككىلا دۇنيانىڭ بەخت-سائادىتىدىن مەھرۇم قىلىنىغان بەختسىزلەردۇر. ئىككىنچى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ گەرچە ئوغۇل پەرزەنتى بولمىسىمۇ، ئەمما ئاللاتائالا ئۇنىڭ نامىنى ئەۋلادتىن‌ئەۋلادقا تارقىتىپ مەڭگۈ ئۆچمەس قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغىنىغا 1300 يىلدىن ئارتۇق بولغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان ھامان جىمى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ ھەمدە ئاللاتائالادىن ئۇنىڭغا بەخت، ئامانلىق تىلەيدۇ. بۇنداق ئابروي-شەرەپتە دۇنيادىكى ھېچقانداق كىشىنى ئۇنىڭغا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىشلارنى باشلاپ بەرگەن بولۇپ، سانسىزلىغان ئەۋلادلار ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان؛ بىرنەچچە ئەسىردىن كېيىنلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قاپلىغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ۋارىسلىق قىلىشنى ئەنئەنىۋى كۆز قاراشتىكى پەرزەنتلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا سېلىشتۇرغاندا قانچىلىغان ھەسسە ئارتۇق تۇرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش تەس.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرىجە مەرتىۋىسى بويىچە، ئۇ ئاللاتائالادىن ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلىسە تامامەن بولاتتى ۋە مۇرادىغا يېتەلەيتتى، ئەمما ئۇ زات ئۇنداق قىلمىغان، تارىخىي مەجبۇرىيەت تۈيغۇسى ئۇنى باشقا بىر تاللاشقا ئۈندىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەرلەرنى ئەزىز، ئاياللارنى خار كۆرىدىغان چىرىك، قالاق كۆز قاراشقا جەڭ ئېلان قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

كىشىلەرگە ئەر-ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكىدىن ئىبارەت يېڭى بىر ئىدىيىنى تىكلەپ بەرگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللاتائالا بىزنى ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ ئانىمىز، قىزىمىز، ھاممىلىرىمىزدۇر. ئاياللارمۇ ئەرلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا ئىگەدۇر". بۇ يېپيېڭى كۆز قاراش ئەرەبلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا چىرماپ كەلگەن ئىدىيىۋى چۈشەكىلەرنى خۇددى كۆزگە كۆرۈنمەس ئۆتكۈر شەمشەردەك پاچاقلاپ تاشلاپ، ھەم ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى يېڭى بىر مەنزىلگە باشلاپ كىرگەن.

ئەرلەرنى ئەزىز، ئاياللارنى خار كۆرۈش ئىدىيىسى ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە خىلاپ بولغان قالاق ئىدىيە بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي مەنبەگە ئىگە. بۇ ئىدىيىنىڭ شەكىللىنىشى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ناچار تەبىئىي مۇھىت، قالاق، مۇتەئەسسىپ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ھەددىدىن زىيادە نامرات تۇرمۇش سەۋىيىسى ھەمدە قەبىلىلەر ئارىسىدا يايلاق، سۇ تالىشىش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان توختاۋسىز ئۇرۇشلار قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى زور تۈركۈمدىكى قاۋۇل، كۈچلۈك ئەرلەرنىڭ قاتنىشىشىغا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئەرلەر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى ھۆرمەتلىك بولۇپ، ھەربىر ئائىلە، قەبىلە ئۆز ئەزالىرى ئىچىدە ئوغۇل بالىلار سانىنىڭ كۆپلەپ ئېشىشىنى، ئۇلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى زورايتىشنى ئۈمىد قىلاتتى، بىر ئائىلىدە ئەگەر ئوغۇل پەرزەنت بولمىسا، بۇنى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك دەپ ھېسابلىشاتتى.

بۇ خىل غەيرىي پىسخىك ھالەتنىڭ تۈرتكىسىدە كىشىلەر قىز بالىلاردىن ناھايىتى سەسكىنەتتى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ قىز پەرزەنتلىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتەتتى. بۇنداق قەبىھلىك بىلەن گۇناھ قىلىشنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، تۇرمۇشتا قىيىنلىپ، كۆپ پەرزەنتلىرىنى بېقىشقا ئامالسىز قالغانلىقتىن بولسا، ئىككىنچىدىن، قىزلىرىنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئىپپەت-نومۇسىنى يوقىتىپ، ئائىلە ۋە ئۇرۇق-جەمەتنىڭ نامىغا داغ كەلتۈرۈشىدىن ياكى يات ئۇرۇق قەبىلىلەرگە ئەسىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاياغئاستى قىلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلاتتى. قىز بالىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرۈش جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەب دۇنياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يامان ئىجتىمائىي ئادەت ئىدى.

ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، بىرىنچىدىن، ئاياللار ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» دىكى ئايەتلەرنى يەتكۈزگەندە: "ھاماقەتلىك ھەم نادانلىقلىرىدىن بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئاللا نامىدىن يالغان ئېيتىپ، ئاللا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام بىلگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار ھەقىقەتەن (توغرا يولدىن) ئاداشتى، ھىدايەت تاپمىدى" (6-سۈرە، 140-ئايەت) دېگەن ئايەتنى كۆپ قېتىم تەكىتلەپ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ قارارگاھىنىڭ پەقەت دوزاختىنلا ئىبارەت بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ھەمدە بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغۇچىلارنى ئېغىر جازالاش ياكى ئۇلارنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشى، ياكى قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ سۈرگۈن قىلىشنى بەلگىلەپ، بۇنداق كىشىلەرنى ھەر ئىككى دۇنيادا قارا يۈز قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

ئىككىنچىدىن، قىز بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەكىتلەپ، كىشىلەرنى بارلىق ئاماللار بىلەن ئۇلارنى بېقىپ ئۆستۈرۈشكە چاقى-

رىق قىلغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بىر ئايال ئىككى قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىپ كەلگەندە، ئائىشەنىڭ يېنىدا ئاران بىر خورما بار ئىكەن، ئۇ بۇ بىر تال خورمىنى ھېلىقى ئايالغا بەرگەن، ئۇ ئايال خورمىنى ئىككى قىزىغا دەرھال تەڭ بۆلۈپ بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەسىرلەنگەن ھالدا: "كىمكى بۇ قىزلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلسا، ئۇلار ئۇنىڭغا دوزاختىن دالدا بولىدۇ" دېگەن. ئۇ يەنە: "كىمكى قىز پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولسا، ئاللا ئۇنى چوقۇم جەننەتكە كىرگۈزىدۇ" دېگەن شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، قىزلارغا كۆيۈمچان بولۇشنى، ئۇلارغا چوڭلارنىڭ مېھرىبانلىقىنى بىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بىر قېتىم ئەقسا بىن ھەبسەيتىم: "مېنىڭ ئون پەرزەنتىم بار، بىراق بىرسىگىمۇ مېھرىم يوق" دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر ھازا تىكىلىپ تۇرۇپ: "پەرزەنتىگە مېھرىبانلىق قىلمىغان كىشىگە ئاللامۇ مېھرىبانلىق قىلمايدۇ" دېگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئاياللارنىڭ سىياسىي ئورنىنى قانۇن-تۈزۈم نۇقتىسىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش، گۇۋاھلىق بېرىش، ئۆزىنى دەخلى-تەرۇزگە ئۇچراشتىن قوغداش، نىكاھ ئەركىنلىكىدە ئۆزىگە ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىش قاتارلىق ھوقۇق-مەنپەئەتلەردە ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئاساستا تەڭ بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇلار ئاياللارنى كەمسىتىدىغان قالاق ئىدىيىلەرنى يوقىتىشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم رول ئوينىغان.

بۇلارنى سۆزلىگەندە شۇ ئىشلار ئېسىمىزگە كېلىدۇكى، بۈگۈنكى يېزىلار ۋە نامرات، چەت رايونلاردىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان قېرىنداشلار يەنىلا ئەرلەرنى ئەزىز، ئاياللارنى خار دەيدىغان ئىدىيىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراۋاتىدۇ؛ بەزىلەر ئوغۇل پەرزەنتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەقدىردىن ھەم باشقىلاردىن ئاغرىنىپ، ئەر-خوتۇن ئارىسىدا ئىناقسىزلىق پەيدا قىلىپ، ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. بەزىلەر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ئوچۇق-ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ، ئارتۇق ياكى كۆپ بالىلىق بولۇپ، ئۆز مەقسىتىگە يەتمىگۈچە توختىماي كۈچەۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر ھامىلىنىڭ جىنس ئايرىمىسىنى تىببىي ئەسۋابلار ئارقىلىق بىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىچە بولمىغان ھامىلىنى ئالدۇرغۇزۇۋاتىدۇ. بۇنداق قىلمىشلار كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەيىبلىشىگە ئۇچرىماقتا. ئىسلام دىنىدا بۇ ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ گۇناھكارلىق ھېسابلىنىدۇ، قىز ياكى ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش ئاللاتائالا ئىلتىپاتىنىڭ نەتىجىسى دەپ تەكىتلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاغا خاستۇر، ئاللا نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ" (42-سۈرە، 49-ئايەت) . ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللاتائالا بالىغا قورساقتىكى چېغىدىلا بىر پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلىدۇ، پەرىشتە: 'ئى رەببىم، بۇ ئابىمەندۇر؛ ئى رەببىم، بۇ ئۇيۇل قاندۇر؛ ئى رەببىم، بۇ بىر پارچە گۆشتۇر' دەيدۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تولۇق ياراتماقچى بولغاندا، پەرىشتە: 'بۇ بالا ئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟ ساڭا ئاسىيلىق قىلامدۇ، ئىتائەت قىلامدۇ؟ ئۇنىڭ رىزقى ۋە ئۆمرى قانچە-

www.uyghurkitap.com

لىك بولىدۇ؟' دەپ ئاللادىن سورايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللا تەرىپىدىن بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدىلا پېشانىسىگە پۈتۈلىدۇ“.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھامىلە ھالەتتىكى بالىنىڭ ئوغۇل، قىزلىقىنى بەلگىلەش ھەقىقەتەن ئاللاغا خاس سىردۇر. ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاياللارنىڭ تۇخۇمىدا 22 جۈپ خروموسوم (بويالغۇچى تەنچە) بولىدىكەن، ئەرلەرنىڭ ئۇرۇقىدا بولسا بۇ 22 جۈپ X خروموسوم بولغاندىن باشقا يەنە بىر جۈپ Y خروموسوم بولىدىكەن، تۇخۇم ۋە ئۇرۇقتىكى ئوخشاش بولغان XX خروموسوملار بىرلەشكەن چاغدىكى بالا قىز، ئۆزئارا ئوخشاش بولمىغان XY خروموسوملار بىرلەشكەن چاغدىكى بالا ئوغۇل بولىدىكەن. قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەر بىر قېتىم مەنى چىقارغاندا، بۇ مەنىلەر تەركىبىدە تەخمىنەن نەچچە مىليوندىن نەچچە يۈز مىليونغىچە ئۇرۇق بولىدىكەن، بىراق بۇ ئۇرۇقلار ئىچىدە پەقەت بىر ئۇرۇقلا تۇخۇم بىلەن بىرلىشەلەيدىكەن. ئۇنداقتا، بۇ ئۇرۇقنىڭ X خروموسوملۇق ئۇرۇق ياكى Y خروموسوملۇق ئۇرۇق ئىكەنلىكى پەقەت ئاللاغىلا مەلۇم بولۇپ، بىز پەقەت ئۇنىڭ شۇنداقلىقىنىلا ئۇقۇپ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئۇقالمايمىز. شۇڭا ھەربىر مۇسۇلمان ئاللاتائالاغا بولغان ئىشەنچىسىنى جەزمەن كۈچەيتىشى، ئەرلەرنى ئەزىز، ئاياللارنى پەس كۆرىدىغان كۆز قاراشلارنى يېڭىپ، ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلىپ، ئاللاتائالا نېمىنى ئاتا قىلسا شۇنى قوبۇل قىلىشى، ئېتىقادىنى ھەرگىز يوقىتىپ قويماسلىقى لازىم.

ئىسلام دىنىدا مەيلى ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور دەپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا ھەر خىل خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. نۇرغۇن ئايال قەھرىمانلار ئۆز يۇرت ۋە ۋەتىنىنى قوغداش كۈرىشىدە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان؛ يۇقىرى پەن-تېخنىكا ساھەسىدە پەخىرلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان ئاياللارمۇ ئاز ئەمەس؛ نۇرغۇن ئاياللار يەنە ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى خىزمەت ئورنىدىمۇ ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى يارىتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشماقتا. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ئاياللارنى كەمسىتىشكە يەنە نېمە ئاساسىمىز بار؟ ئاللاتائالانىڭ ئەر-ئاياللارغا تۇتقان مۇئامىلىسى ئادىلدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”ئەر-ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەللىرىمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز“(16-سۈرە، 97-ئايەت).

جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى ھەم ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەر-ئاياللار باراۋەرلىك ئىدىيىسىگىمۇ يېڭى بىر دەۋرنىڭ ھاياتىي كۈچى سىڭىپ كىرىدۇ. بۇ ھال مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە، نادان، قالاق ئىدىيىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىشتە ناھايىتى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

**بۇ سانىنىڭ تەرجىمە تەھرىرلىكىنى شەمشىدىن ھاجى، غوپۇر ھاجى ئابدۇرەھىم، رىشىت ھاجى ۋاھىدى، قەيسەر قۇربان، ياقۇپ مەتروزى ۋە ئەنۋەر مۇھەممەتلەر ئىشلىگەن.**

# «قۇرئان كەرىم»نى تومار قىلىپ ئېسىۋېلىش جايىزمۇ؟

ئىسمائىل ياقۇپ، مۇھەممەد تۇرسۇن يۇسۇپ

دۇنيادىكى بۈيۈك مۆجىزە بولغان، قولدىن قولغا ئۆتۈپ كۆچۈرۈلۈپ ھەم ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ سۆيۈپ ئوقۇلۇۋاتقان، ۋەھيى ئايەتلىرى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ھىدايەت ۋە نىجاتلىققا باشلاۋاتقان «قۇرئان كەرىم»نى ياكى ئۇنىڭدىكى ئايەتلەرنى تومار قىلىپ ئېسىۋالىدىغان ئەھۋاللار ھېلىمۇ مەۋجۇت. بىزنىڭچە، بۇنداق قىلىش جايىز ئەمەس.

بىز ھازىر 21-ئەسىرگە قەدەم قويغان، پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىدە پەن-تېخنىكا، ئىقتىساد مىسلىسىز يۈكسىلىۋاتقان، شۇنداقلا ئېلىمىزدىمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان، زامانىمىز بارغانچە تەرەققىي قىلىۋاتقان پەۋقۇلئاددە بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. شۇنداقتىمۇ زامانىمىزنىڭ كەينىدە قېلىپ، ئىسلام ھەقىقىتىنى ناتوغرا ياكى چالا چۈشىنىپ، ئىسلام دىنىنى ۋە قۇرئاننى قانداقتۇر بالا-قازادىن ساقلىنغۇچى قورال قىلىۋالغان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ماھىيىتى ۋە ھېكمىتىنى ئاڭقىرالمايۋاتقان بىر قىسىم بىچارە، خۇراپىي، مۇتەئەسسىپ كىشىلەر ھېلىمۇ بار. بۇلار تېخىچە ئىسلام دىنىنى ئىلىم-پەنگە قارشى قويۇپ، ئىلىم-پەننى ھىيلە-مىكىر مەنىسىدىكى "پەن" سۆزى بويىچە چۈشەندۈرۈپ، ئۆزىنى مۇتەئەسسىپلىكتىن ئازاد قىلالمىغانلىقى ئۈستىگە باشقىلارنىمۇ قايمۇقتۇرۇپ، تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا دۇئالارنى تومار قىلىپ ئېسىۋالساق ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، بالايىئاپەتتىن ساق قالىمىز، تومارنى بالىلىرىمىزغا ئېسىپ قويساق كۆز تەگمەيدۇ، ساغلام، ئەقىللىق چوڭ بولىدۇ دەپ قارايدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ بۇ خۇراپىيلىققا قىزىقتۇرىدۇ، ئازدۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇمايدۇ، ئوقۇسىمۇ مەنىسىگە چۈشىنىپ ئەمەل قىلمايدۇ. ئاقىۋەتتە ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە چىقىپ قالىدۇ. ئۇلار شۇنى بىلىشى لازىمكى، «قۇرئان كەرىم» ھەرگىز بايلىق، ھۆرمەت تېپىش، ئاپەتتىن ۋە بالالارغا كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش، جىن-ئالۋاستىلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئېسىپ ياكى ساقلاپ قويىدىغان سېھىرلىك ئەڭگۈشتەر ئەمەس، بەلكى ئوقۇپ ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان، پەقەت شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنى ئۆزى كۆتكەن سائادەتكە يېتەكلەيدىغان بۈيۈك دەستۇر، مۇقەددەس قانۇن. نان ھاياتلىقتا ناھايىتى ئۇلۇغ نەرسە، ئەمما ئەگەر بىر ئادەم ناننى يېمەي بىلىكە توڭگۈۋالسا ئۇ نان ئادەمگە قۇۋۋەت بېرىش ئورنىغا ئادەمگە يۈك بولىدۇ. پەقەت ناننى يەپ ھەزىم قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ قۇۋۋەتكە ئايلىنىپ، ئادەمگە ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ.

ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "«قۇرئان كەرىم» سىلەرنىڭ پايدا-زىيىنىڭلار ئۈچۈن ھۆججەتتۇر، كىشىنىڭ تىرىشچانلىقى يا شۇ كىشىنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ ياكى مەغلۇپ قىلىدۇ". بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، كىشىلەر ئەگەر قۇرئاننى چۈشىنىپ ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەتىجىگە ئېرىشىدۇ؛ ئەگەر قۇرئان كۆرسەتكەن يولدا ماڭمىسا، يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

تۇمار ۋە باشقا شۇ خىل نەرسىلەر توغرۇلۇق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: "كىمكى تۇمار ئاسىدىكەن، ئۇ ئاللاتائالاغا جەزمەن شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ" دېگەنلىكىنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ئاللاتائالا بارلىق شېرىك ئەقىدىلەرنىڭ ئىنساننىڭ ئەمەلىنى بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، سۈرە زۇمەر (39-سۈرە) نىڭ 65-ئايىتىدە: "ئەگەر سەن ئاللاغا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن" دېگەن.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇمار قاتارلىقلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شېرىك ئەقىدە بولىدىغانلىقىنى پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ: "كىمكى (پايدا ئېلىپ كېلىدۇ ياكى زىيان-زەخمەتنى دەفئى قىلىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن تۇمارغا ئوخشاش) بىرەر نەرسە ئېسىۋالىدىكەن، ئۇنىڭ قەلبى ئاللادىن شۇ نەرسىگە بۇرۇلۇپ كېتىدۇ" دېگەن سۆزى ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن.

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "كىمكى تەممە (ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەر كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن بالىلىرىغا ئاسىدىغان مارجان، تۇمار) ئاسىدىكەن، ئاللا ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزمىسۇن، كىمكى ۋەدەئە (ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەر كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن ئېسىۋالىدىغان، دېڭىزدىن چىقىدىغان سەدەپكە ئوخشايدىغان نەرسە) ئاسىدىكەن، ئاللا ئۇنى خاتىرجەم قىلمىسۇن" دېگەنلىكىنى ئېيتىپ، تۇمار قاتارلىقلارنىڭ زىيىنىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىدىن ھەرقانداق تۇمار ۋە شۇ خاراكتېردىكى باشقا نەرسىلەرنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئاللاتائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدىغانلىقىنى، بىدئەت، خۇراپىي ۋە شېرىك ئەقىدىلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ گۇناھىنىڭ بەكمۇ ئېغىرلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاسقان نەرسىلىرىنىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئەمەس، بەلكى بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئاخىردا، ئاللاتائالادىن ئاشۇنداق خۇراپىي ئىشلارنى بىلىپ، يا بىلمەي قىلىپ سالغان قېرىنداشلارغا مەغپىرەت تىلەيمىز. ئاللاتائالا جىمى مۆمىن مۇسۇلمانلارغا رەھمەت ۋە شەپقىتىنى ئايىماي، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىغاي، ئامىن!

---

(بېشى 13-بەتتە)

«قۇرئان كەرىم» دە ئېيتىلغاندەك: "... بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم..." (5-سۈرە، 3-ئايەت). ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە مەدەنىيىتىگە، مەنىۋى مەدەنىيلىككە ھەم ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا پائال تەسىر كۆرسىتەلەشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىسلام دىنى بۇ قۇرۇلۇشنى ئورۇنلاشنى باشتىن ئاخىر ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي مەجبۇرىيىتى قىلىپ كەلدى، ئىسلام ئەقىدىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىيلىققا، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق جەھەتتىن بېكىتكەن. ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئىسلام دىنىنىڭ ھالەتچانلىقىنى ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىكىنىمۇ نامايان قىلىپ بەردى.

# تەۋھىد ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد

## 1. تەۋھىد ھەققىدە

"تەۋھىد" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى "شەيئىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلمەك" دېگەنلىك بولىدۇ. دىنى ئاتالغۇ مەنىسى "ئاللاتائالانىڭ بىرلىكىگە ھەقىقىي ئىشىنىپ، ئۇنىڭ زاتىغا، سۈپەتلىرىگە، قۇدرىتىگە تەستىق قىلغان ھالدا ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلماق" دېگەنلىك بولىدۇ. تەۋھىد ھەم "ئەقىدە"، "ئېتىقاد" ۋە "ئىمان" قاتارلىق ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

ئاللاتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەق دىن بولغان ئىسلام دىنى بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ مۆجىزىسى ۋە ئۇ چاقىرىق قىلغان دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى قىلىپ نازىل قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقى (دەۋىتى) تەۋھىد ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەۋھىد دېگىنىمىز ئاللاتائالاغا ئىشىنىش، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش، كىتابلىرىغا ئىشىنىش، پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىش، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش ۋە تەقدىرگە ئىشىنىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

شەرىئەت ئەھكاملىرى دېگىنىمىز ئاللاتائالا بەندىلىرىگە بېكىتىپ بەرگەن پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەب، ھالال، ھارام، مەكرۇھ ۋە مۇباھ قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر ئەشۇ بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاللاتائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئىجتىمائىي جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە كىشىلىك ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تونۇۋالالايدۇ.

## 2. ئىلمى تەۋھىد

ئىشەنچلىك ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەر ئارقىلىق شەك-شۈبھىلەرنى يوقىتىپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى ئىسپاتلاش يولىدا مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئىلىم—ئىلمى تەۋھىد دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلمى تەۋھىد "ئىلمى كالام" ۋە "ئىلمى ئەقائىد" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئىلىم ئاللاتائالاغا ئىشىنىش مۇشۇ ئىلىم تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم تېما بولغانلىقى ئۈچۈن "ئىلمى تەۋھىد" دەپ، ئاللاتائالانىڭ كالامى («قۇرئان كەرىم») مۇشۇ ئىلىم ساھەسىدىكى مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغانلىقى ئۈچۈن "ئىلمى كالام" دەپ، بۇ ئىلىمنىڭ مەقسىتى دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىسپاتلاش ۋە ئۇنى تۇرغۇزۇش بولغانلىقى ئۈچۈن ئىلمى ئەقائىد" دەپ ئاتالغان.

## 3. ئىلمى تەۋھىدنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىمان توغرۇلۇق سوئال سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: "سېنىڭ ئاللاتائالاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت (قىيامەت) كۈنىگە ۋە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاتائالانىڭ تەقدىرى

www.uyghurkitap.com

بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭىنىڭ ئۆزى ئىمانـ
دۇر". بۇ ھەدىستە دېيىلگىنى ئىلمى تەۋھىدنىڭ
ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئىلمى تەۋھىد تەتقىقات ئوبـ
يېكتلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى بولۇپ، بىزگە ئىلـ
مى تەۋھىد تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ تۆۋەندىكـ
دەك بىرقانچە تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

1) ئاللاتائالاغا ئىشىنىش، ئۇنىڭ بىرلىكىنى
تونۇش، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىك ۋە ئۇنىڭغا
بەجانىدىل ئىبادەت قىلىش.

2) ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش،
ئۇلارنىڭ راستچىل، ئىشەنچلىك بولۇشتەك خىسـ
لەتلىرىنى تونۇش، ئۇلاردا بولسا بولمايدىغان يالـ
غانچىلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلىشتەك ئىللەتلەرـ
نى تونۇش، ئۇلارنىڭ مۆجىزىلىرىنى ۋە پەيغەمبەرـ
لىكىنىڭ دەلىللىرىنى، بولۇپمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسـ
سالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەـ
لىللىرىنى تونۇش.

3) ئاللاتائالانىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرـ
لەردىكى پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق بەندىلىرىگە نازىل
قىلغان مۇقەددەس كىتابلىرىغا ئىشىنىش.

4) پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش، ئۇلارنىڭ ۋەزىـ
پىلىرىگە ھەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىنسانلار بىلەن
بولىدىغان مۇناسىۋەتلىرىگە ئىشىنىش.

5) ئاخىرەت (قىيامەت) كۈنىگە ئىشىنىش،
ئۇ كۈندە ئاللاتائالانىڭ ياخشىلارنى جەننەت بىلەن
مۇكاپاتلايدىغانلىقىغا، يامانلارنى دوزاخ بىلەن جازاـ
لايدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

6) پۈتكۈل كائىناتنىڭ ھەرىكىتى ئاللاتائالا
بېكىتىپ بەرگەن تەقدىر (ئورۇنلاشتۇرۇش)، قانۇـ
نىيەت بويىچە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

## 4. ئىلمى تەۋھىدنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

ھەرقانداق ئىلىمنىڭ شان-شەرىپى شۇ ئىلىم
تېمىسىنىڭ شان-شەرىپى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتـ
لىك. دەرۋەقە، ياغاچچىلىق سەنئىتى (ئىلمى) دىن
مېدىتسىنا ئىلمى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگىدۇر. چۈنـ
كى ياغاچچىلىقنىڭ ئوبيېكتى ياغاچ ماتېرىياللىرىـ
دۇر. مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولسا
ئادەم بەدىنىدۇر. تەۋھىد ئىلمىنى ئېلىپ ئېيتساق،
ئۇنىڭ يۈكسەكلىكى ئۇنىڭ تەتقىقات مەزمۇنلىرىـ
نىڭ يۈكسەكلىكىدىندۇر. چۈنكى، ئىنسان ئۇچۇن
ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىنى تونۇشتىن، پەيغەمبىرىنى
تونۇشتىن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشىدىكى ھېكمەتنى، يەنى ئاللاتائالانىڭ
ئۇنى بۇ دۇنياغا نېمە ئۇچۇن ياراتقانلىقىنى، ئاماـ
نەتنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆز دەرگاھىدا قانداق
ئاقىۋەتكە دۇچار قىلىشى مۇمكىنلىكىنى تونۇشتىن
مۇھىمراق نەرسە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. مانا بۇ ئىلمى
تەۋھىد تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر. شۇ
ۋەجىدىن ئىلمى تەۋھىد مۇقەررەر ھالدا ئىسلام
ئىلىملىرىنىڭ ئاساسى ۋە ئەڭ ئەۋزەلى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دە "بىلگىنكى، ئاللادىن
باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر" (47-سۈرە،
19-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېيىلگەن. بۇ ئايەتتە
ئاللاتائالانىڭ بىرلىكىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا
ھېچقانداق مەبۇد (ئىلاھ) نىڭ يوق ئىكەنلىكىنى
بىلىش بۇيرۇق تۈسىدە قەتئىي تەلەپ قىلىنغان،
ئاللاتائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى ئەقلىي ۋە نەقلىي
دەلىللەر ئارقىلىق دەلىللەنگەن، شۇنداقلا شۇ ئارقىـ
لىق شەكىللەنگەن بىر خىل سىستېمىلىق ئىلىم
(ئىلمى تەۋھىد) سۈپىتىدە ئاللاتائالانى (تەۋھىدـ
نىڭ بۇنىڭدىن باشقا مەزمۇنلىرىنى) ھەقىقىي رەۋىشـ
تە تونۇپ، ئۇنىڭ بىرلىكىنى بىلىشىمىز ئالاھىدە
تەكىتلەنگەن، ئۆلىمالار بۇنىڭغا ئاساسەن ئىلمى
تەۋھىدنى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنىڭ ھەق دىنىـ
دا ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ئاساستا،
ئومۇمىي ساۋات سۈپىتىدە ئۆگىنىشنى پەرز ئەين

(ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزى ئۆگەنمىسە گەدىنىدىن ساقىت بولمايدۇ) ، دەپ ئۇنى تەتقىقات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، سىستېمىلىق بىر ئىلىم سۈپىتىدە تەپسىلىي ئۆگىنىشنى پەرز كىپايە (بىر قىسىم كىشىلەر ئۆگەنىسە باشقىلارنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولىدۇ) ، دەپ ئىلمىي ھۆكۈم چىقارغان.

## 5. ئىلمى تەۋھىدنىڭ ئەھمىيىتى

«قۇرئان كەرىم» دىكى ئاساسىي تېما تەۋھىد تېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرەر سەھىپىسمۇ تەۋھىد چاقىرىق قىلىشتىن خالىي ئەمەس. ھىجرەتتىن ئىلگىرىكى 13 يىل ئىچىدە، مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تەۋھىدكە ئائىت مەسىلىلەر ھەققىدە نازىل بولغان.

«قۇرئان كەرىم» دە ئاللاتائالا ئىلمى تەۋھىدنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى ۋە كىشىلىك ھاياتىدا مۇھىم ھاياتى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، تەۋھىد كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم» نىڭ ھەق كالام ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەم بىلەن ئۇنى بىلدىغان ئادەمنىڭ باراۋەر بولالمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئىشلىتىدىغان كىشىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالايدىغانلىقىنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: "(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كۆر ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (ئاللانىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند-نەسىھەت ئالىدۇ" (13-سۈرە، 19-ئايەت) .

ئاللاتائالا ئىمان (تەۋھىد) نىڭ ئەمەلنىڭ ئاساسى ۋە شەرتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز (يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوقـقا چىقىرىمىز") (25-سۈرە، 23-ئايەت) .

يۇقىرىقى ئايەتتە، ئىمان ئەمەلنىڭ ئاساسى بولغاچقا ئاللاتائالانىڭ ئەمەلنى پەقەت ئىمانلىق كىشىدىنلا قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ياخشى ئەمەلنىڭ ئىمان بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقى، ئىماننىڭ ئىلمى تەۋھىد بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقى، تەۋھىد بۇزۇلسا ئىماننىڭ يوققا چىقىدىغانلىقى ۋە ئىمان بۇزۇلسا ياخشى ئەمەلنىڭ يوققا چىقىدىغانلىقى ئەمەلىي پاكىت بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن.

ئاللاتائالانىڭ بارلىقىغا، ئۇنىڭ شېرىكى يوق يەككە-يىگانە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاتائالانىڭ بەندىسى، بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە، ئاللاتائالاغا ئىتائەت قىلىش پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىشنىڭ ئۆزى ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى ئىكەنلىكى ۋە مۇشۇ ئىمان كەلىمىسى بىلەن شاھادەت (گۇۋاھلىق) ئېيتىش بولسا ئىسلام دىنىغا كىرىشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى ئىكەنلىكى تۆۋەندىكى ئايەت، ھەدىسلەردە ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. "سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر" (2-سۈرە، 163-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) . "(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى 'ئەگەر سىلەر ئاللانى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللا سىلەرنى دوست تۇتىدۇ...' " (3-سۈرە، 31-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) . "ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇ بولسىمۇ، بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىشتىن، پەرز نامازلارنى ئادا قىلىشتىن، زاكات بېرىشتىن، ھەج قىلىشتىن ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت" («ئايەت-ھەدىسلەردىن تاللانما» ، 49-بەتتىكى ھەدىس) .

بىز يۇقىرىدا ئىلمى تەۋھىدنىڭ رولى ۋە ئەھ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىيتى توغرىسىدا ئازدۇر-كۆپتۇر توختىلىپ ئۆتە-
تۈق. تۆۋەندە ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتقا كۆرسىتە-
دىغان تەسىرىنى «قۇرئان كەرىم» دىكى ”ئۇلار ...
ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا
پىكىر يۈرگۈزىدۇ...“ (3-سۈرە 191-ئايەت)،
”زادى قايسى ئادەم يول تاپالايدۇ؟ بېيىشىنى ساڭ-
گىلىتىپ ماڭغان ئادەممۇ؟ ياكى قەددىنى رۇس
تۇتۇپ، تۈز يولدا ماڭغان ئادەممۇ؟“ (67-سۈرە،
22-ئايەت)؛ ”ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى
قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان،
بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەر-
دىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدى-
دۇر“ (103-سۈرە، 2—3-ئايەتلەر)؛ ”مۆمىنلەر
ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر“ (49-سۈرە،
10-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)؛ ” ئۇلارغا بېرىلگەن
نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار
موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى)
ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ“ (59-
سۈرە، 9-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)؛ ”روھىنى پاك
قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ؛ نەپسىنى
(كۇفرى ۋە پىسقى-فۇجۇر بىلەن) كىمىستكەن
ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ“ (91-سۈرە، 9—
10-ئايەتلەر)؛ ”(پۇل-مېلىنى ئاللانىڭ رازىلىقى
ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان،
(كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەل-
سەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ
بېرىمىز“ (92-سۈرە، 5—7-ئايەتلەر) قاتارلىق
ئايەتلەر شۇنداقلا بۇنىڭدىن باشقا تەۋھىدكە ئائىت
بولغان بارلىق ئايەت-ھەدىسلەر ئاساسىدا يىغىنچاق-
لاپ ئۆتىمىز.

تەۋھىد (ئىمان) كىشىلەردە ئاللاتائالانىڭ
رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولىدىغان، ئازابىدىن قورقى-
دىغان، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدە ئاللاتائالانىڭ
رازىلىقىنى ئىزدەيدىغان، ھالال-ھارام چېگرىسىنى
ئېنىق ئايرىيدىغان، داۋاملىق ئاللاتائالانىڭ دىنى
ھەققىدە ئىزدىنىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
يەتكۈزگەن ئىلاھىي بايانلارغا قۇلاق سېلىپ ئۇ-
نىڭغا چىن دىلىدىن ئەمەل قىلىدىغان ياخشى كەي-
پىياتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

تەۋھىد كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن
يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىشقا، شۇن-
داقلا ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇ-
شىدىكى ھېكمەتنى تونۇشقا يېتەكلەيدۇ.

ئىمان كىشىلەردە ھاياتىي دۇنيا بىلەن مەغ-
رۇرلانمايدىغان، شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ باشقى-
لارغا زۇلۇم قىلمايدىغان، باشقىلارغا ئىچى تارلىق،
ھەسەتخورلۇق قىلمايدىغان ئېسىل ئەخلاق-پەزى-
لەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ساغلام بولغان ئەڭ
گۈزەل مۇھىت يارىتىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئەگەر ئىلمى تەۋھىد توغرا يوسۇندا ياخشى
ئۆگىنىلمىسە، ئېتىقاد بۇزۇلۇپ، يامان ئىش-ھەرى-
كەتلەر ئۆزلۈكسىز كۆپىيىدۇ، كىشىلەر قەلبىنى
غەشلىك، خاتىرجەمسىزلىك قاپلايدۇ.

تەۋھىد كىشىلەرنى بىر ئىلاھقا ئىبادەت قى-
لىش، بىر كىتابقا ئەمەل قىلىش، بىر پەيغەمبەرگە
ئەگىشىش ۋە بىر قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش ئاساسىدا
ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك
بەخت-سائادىتىنى ئورتاق قولغا كەلتۈرۈشكە
شەرت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

ئىمان ياخشى ئەمەللەرنى ئاللاتائالانىڭ رازى-
لىقىغا ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ ھېسابسىز
بەرىكەتلىرىنى كىشىلەر ئارىسىغا چاچىدۇ.

دېمەك، بىز ئىلمى تەۋھىدنىڭ ئىسلام دىنى
ئىلىملىرىنىڭ ئاساسى ۋە ئەڭ ئەۋزەللى ئىكەنلىكى-
نى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھاياتىدا ئىنتا-
يىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ
يەتكەن ۋاقتىمىزدا، ئۇنى ياخشى ئۆگىنىشنىڭ، ئىز-
چىللىق تەتقىق قىلىشنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكى-
نى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى)

# "ئاللانى بىر دەپ تونۇش" ئىماننىڭ مېغىزىدۇر

## —— «سۈرە ئىخلاس» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ما يېخا

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ —— ئاللا بىردۇر (1). ھەممە ئاللاغا موھتاجدۇر (2). ئاللا بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس (3). ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ (4).**

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ كىتابى، ئاللانىڭ بىرلىكىنى تونۇش ئىماننىڭ ئاساسى، «ئىخلاس» سۈرىسى بولسا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللانىڭ بىرلىكىنى تەشۋىق قىلىدىغان جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ؛ چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: "بەرھەق، ھەربىر شەيئىدە نۇر بولىدۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرى «ئىخلاس» سۈرىسىدۇر". بۇ ھەدىس شەرىپتىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، كۆز ئادەمنىڭ نۇرى بولغىنىغا ئوخشاش، «ئىخلاس» سۈرىسى «قۇرئان كەرىم»دە ئادەمدىكى كۆزدەك مۇھىم، قەدىر-قىممەتلىك بولۇپ، ئىماننىڭ پروگراممىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ — ئاللا بىردۇر (1)**

ئۇمۇمەن ئىسلام دىنىنى ئۆگەنگۈچى ۋە تەتقىق قىلغۇچى ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتنى ئالدى بىلەن ئاللانىڭ بىرلىكىنى تونۇشتىن ئىبارەت تۈپ كۆز قاراشتىن باشلىشى كېرەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى"بىر مەنبەچىلىك" ئالەم قارىشى بولغاچقا، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى "بىردىنبىرچىلىك" ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم بىر ئۆلىما مۇنداق دېگەنىدى: "ئىسلام پەلسەپىسى ياراتقۇچى بىردىنبىر دەيدىغان ئەقىدە بولۇپ، ئۇ پەلسەپىنىڭ ھەر خىل ئېقىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن ئۆزى ھېچقانداق بىر ئېقىمغا تەۋە ئەمەس، ئۇ ھەرقانداق بىر پەلسەپە ئالەم مەسىلىسىنى پەقەت بىرلا ئاللانىڭ يارىتىشى ئارقىلىقلا تەلتۆكۈس ھەم مۇپەسسەل ھەل قىلالايدۇ، دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ."

ئاللا پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، پەقەت ئاللالا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى شۈبھىسىزدۇر، بىز ئۇنى كۆرەلمىسەكمۇ، لېكىن ئۇ ياراتقان مۆجىزىلەر ئالەمگە تولۇپ تۇرۇپتۇ.

«قۇرئان كەرىم» كۆپ ئېتىقادلىققا ۋە بۇتقا چوقۇنۇشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، ئاللا بىردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقتۇر، ئۇ ناھايىتى ئىززەتلىك ۋە ئۇلۇغدۇر دەپ كۆرسىتىدۇ. "ئەگەر ئاسمان-زېمىندا ئاللادىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى" (21-سۈرە، 22-ئايەت). "سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر" (2-سۈرە، 163-ئايەت).

كىشىلەر ھەمىشە "بىر نەرسىنى ياساش ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈن ئۇستام بولۇش كېرەك“ دېيىشىدۇ، بىز رىتىملىق چىكىلداپ مېڭىپ، كىشىلەرگە ۋاقىتتىن خەۋەر بېرىدىغان سائەتنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنى قولى گۈل ئىشچىلارنىڭ ياسىغانلىقىنى ئەسكە ئالىمىز. بىز تۇرۇۋاتقان ئېگىز ئۆي-ئىمارەتلەرنى، ياسالغان تۆمۈريول، قېزىلغان كۆمۈر كانلارنى كۆرگەن كىشىلەر بۇ نەرسىلەرنى ھەرگىز تەبىئىيلا بار نەرسە دەپ قارىماستىن، ئىشچىلارنىڭ ئەجرى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن دەيدۇ. ئىنسانلار ياشاۋاتقان يەر شارى ھەر مىنۇت-ھەر سېكۇنت قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش بولىدۇ، قىش كېلىپ ياز كېتىدۇ، بۇلارنى كىم باشقۇرۇپ تۇرىدۇ؟ يەنە قۇياش سىستېمىسى، سامانيولى سىستېمىسى ۋە باشقا ئاسمان جىسىملىرى تەرتىپلىك، قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇنداقتا غايەت زور بۇ ماددىلارنىڭ ھەممىسىنى كىم تىزگىنلەپ تۇرىدۇ؟ جاۋاب شۇكى، ئاسمان-زېمىندىكى ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللا تىزگىنلەپ تۇرىدۇ، ناۋادا ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئىلكىدە بولمايدىكەن، كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئۆز قانۇنىيىتىنى يوقىتىدۇ-دە، دۇنيامۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ؛ شۇڭا، ئاسمان-زېمىننىڭ قانۇنىيەتلىك يارىتىلىشىنى كۆزىتىدىغان بولساقلا، ئۇنى ياراتقان ئىگىسى بارلىقىنى بىلەلەيمىز.

**ھەممە ئاللاغا موھتاجدۇر (2)**

بۇ ئايەتنىڭ بىرقانچە مەنىسى بار، ئەمما ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: ”تۈرلۈك ئېھتىياجدا ئىگىمىزگە موھتاجمىز“ دېگەن جاۋابى بولۇپ، ئۇ كائىناتتىكى ھەرقانداق ئادەم ياكى ماددىنىڭ ئۇلۇغ ئاللانىڭ يارىتىشىدىن مۇستەسنا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، ماددىي دۇنيانىڭمۇ، مەنىۋى دۇنيانىڭمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كائىناتتىكى ھەممە نەرسە نېمە ئۈچۈن ئاللاتائالاسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كائىناتتىكى ھەممە شەيئى ئۆزلۈكىدىن بارلىققا كېلەلمەيدۇ، ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالمايدۇ، ئۇلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، تاكامۇل ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. مەسىلەن، ئالتۇننىڭ قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى، بۇ ئۇنىڭ ئېسىل تەرىپى، ئەمما ئۇنىڭ جېنى يوق، مۇشۇ جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ؛ يېسۋىلەكنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئېسىل تەرىپى، ئەمما ئۇ سەزگۈ ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، بۇ جەھەتتىن چەكلىمىلىككە ئۇچرايدۇ؛ ئارىستوتېل ئەقىل-پاراسەتتە ئادەتتىكى ئادەملەردىن ھالقىپ كەتكەن، بۇ ئۇنىڭ ئېسىل تەرىپى، لېكىن ئۇ پانىي ئالەمدە ئەبەدىي ياشىيالماي، ھاياتلىق جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرىدى ...؛ لېكىن ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللا ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، ئاللا ھەممىلا جەھەتتە مۇتلەق كامىل بولۇپ، ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى ئۇ بارلىق شەيئىلەردىن ھالقىغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ كائىناتتىكى ھەممىنى يارىتىشقا قادىر، ناۋادا ئالەمدە ”تارتىشىش كۈچى“ بولمىغاندا ئىدى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى، شۇڭا، ئاللاتائالا بارلىق مەۋقۇلات-مەۋجۇداتلار موھتاج بولغان، تايىنىدىغان، پاناھلىنىدىغان پەرۋەردىگارىمىزدۇر.

**ئاللا بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس (3)**

بۇ ئايەتتە بەزى دىنلاردىكى خاتالىقلار كۆرسىتىلىپ، ئاللانىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ۋە ئەزەلدىن بىرلا ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراش يەنىمۇ شەرھلەنگەن. ئاللا بەرھەق كامىلدۇر. ئەگەر ئاللانىڭ ”دادىسى“ بار، ”بالىسى“ بار دېيىلسە، ئاللا ئادەملەشتۈرۈپ قويۇلغان بولىدۇ،

بۇنداق قاراش ئۇچىغا چىققان مەنتىقسىزلىق، ئە-
قىلگە مۇخالىپ، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ئاللانى
بىر دەپ تونۇش دېگەن ئېتىقادىدىن چەتنەپ كەت-
كەن قاراش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاللا كائىناتتىكى
ھەممە نەرسىدىن ھالقىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ، ئاللا ئىپتىداسى يوق ھالدا ئەزەلىي مەۋ-
جۇت، كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللا تەرىپىدىن
بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ۋە ئاپىرىدە قىلىنغان. مۇنداق
ئەھۋالدا ئاللانىڭ "دادىسى" بار، "بالىسى" بار
دېيىش ئاللانىڭ شان-شەرىپىنى تۆۋەنلەتكەنلىك،
ئاللانىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق، ئا-
دەم زاتىنىڭ قىسمەن ئىقتىدارىنى ئاللاغا تەۋە قىلىپ
قويۇش بولۇپ، ئاللاغا قىلىنغان ئەڭ زور ھۆرمەت-
سىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

## ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ (4)

بۇ ئايەتتە ئاتەشپەرەسلەر ۋە مۇشرىكلارنىڭ
ئىككى ياكى كۆپ خۇدا مەۋجۇت دېگەندەك تەلۋە
سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىلگەن. ئاللانى بىر دەپ
تونۇغان ھەربىر مۆمىن ئاللانىڭ بىرلىكىگە چىن
ئىخلاسى بىلەن ئىشىنىشى ھەمدە كائىناتتا كۆپ
خۇدا بولمايدۇ، ئاللاغا شېرىك كەلتۈرىدىغان ھەر-
قانداق قىلمىش ئىمانسىزلىق جۈملىسىدىندۇر، دەپ
بىلىشى كېرەك. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق
بايان قىلىنغان: "ئاللا ھەقىقەتەن ئاللاغا شېرىك
كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان
ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قى-
لىدۇ. كىمكى ئاللاغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ
گۇناھ قىلغان بولىدۇ" (4-سۈرە، 48-ئايەت).

ئەلھەمدۇلىللا! پۈتۈن كائىناتنىڭ پەرۋەردىگا-
رى بولغان ئاللا جىمى شەيئىلەردىن تاشقىرى مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، ئاللانىڭ
ئىپتىداسى ۋە ئىنتىھاسى (باشلىنىشى ۋە ئاخىرلە-
شىشى) يوقتۇر، ئاللا پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالى-
كىدۇر، پاكتۇر، ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد
(بەرھەق) يوقتۇر. كائىناتتىكى بارلىق شەيئى
تەڭكەش ھەم گۈزەل بولغان بۇ كائىنات تەرتىپىدە
ھەيۋەتلىك ھەم ئۇلۇغۋار قەسىدىلەرنى بىللە ئو-
رۇنداپ، ئاللانىڭ ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھەممىگە
قادىر ئىكەنلىكىنى، ئاللانىڭ ئۇلۇغ مېھىر-شەپقىتى-
نى بىرلىكتە مەدھىيىلەيدۇ. پەقەت ئاللاتائالا ھەم-
مىدىن ئىززەتلىك ۋە ئۇلۇغدۇر، پەقەت ئاللاتائالا
ھەمدۇسانا ئوقۇلۇشقا ھەقلىقتۇر!

---

(بېشى 52-بەتتە) مەجلىسنىڭ قارارى»، «قاھىرە
خىتابنامىسى» ۋە مەجلىسنىڭ مۇبارەك زۇڭتۇڭغا ھۆرمەت
تېلېگراممىسى ماقۇللاندى.

7-ئاينىڭ 17-كۈنى "مەۋلۇت" كۈنى ئىدى. مۇبا-
رەك زۇڭتۇڭ ۋە مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق ئەربابلى-
رى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى
ۋە بۇ نۆۋەتتىكى مەجلىسكە قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ھەممى-
سى قاھىرە مەجلىس زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەۋلۇت خاتىرى-
سىگە ئىشتىراك قىلدى. مۇبارەك زۇڭتۇڭ خاتىرە يىغىنىدا
مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.

مەجلىس ئارىلىقىدا، ئەزھەر شەيخى ۋە دىنىي ئىشلار
فوندى مىنىستىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا جۇڭگو ئىسلام
جەمئىيىتى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى. مۇئاۋىن رەئىس
ما يۈنفۇ ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە
جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ ئىككى رەھبەرگە ۋە مىسىر
مۇسۇلمانلىرىغا يوللىغان سەممىي سالىمىنى يەتكۈزدى
ھەمدە مىسىرلىق قېرىنداشلارنىڭ سەممىي تەكلىپى ۋە
قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى، جۇڭگو-مىسىر
ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى دوستانە بې-
رىش-كېلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىنى ئۈمىد قىلدى.
مەجلىس مەزگىلىدە جەمئىيىتىمىز ۋەكىللىرى يەنە مەج-
لىسكە قاتناشقان نۇرغۇن ۋەكىللەر بىلەن دوستانە ئۇچ-
راشتى ۋە سۆھبەتتە بولدى، 20 نەچچە قېتىم ئاخبارات
ۋە تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ،
ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسى-
تى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى توغرۇلۇق
سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسلام دىنىنىڭ

# ئىتتىپاقلىق نۇقتىئىنەزىرى توغرىسىدا

♠ دەي جۇنفېڭ ♠

ئىسلام دىنى—تىنچلىق دىنى، "ئىخلاسلىق ئىتتىپاق بولۇش" ئىسلام دىنىنىڭ نېگىزلىك ئىدىيىسى ۋە مۇھىم ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئۇ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى بارلىق ئارازلىقلارنى تۈگىتىپ، ئاخىردا، تەڭ-باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان ۋە يار-يۆلەكتە بولۇشىدىغان ئىجتىمائىي چوڭ ئائىلە قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغاندەك: "ئى مۆمىنلەر! تىنچلىق دىنىغا (ئىسلام دىنىغا) پۈتۈنلەي كىرىڭلار" (2-سۈرە، 208-ئايەت) دەپ تەلىم بېرىدۇ.

"ئىتتىپاقلىق" دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئۇ ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ مەلۇم ئورتاق غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا بىرلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى كىشىلەرنىڭ توختىماي ئېلىپ بارىدىغان ئەمەلىيەتلىرىدە گەۋدىلىنىدۇ ۋە راۋاج تاپىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشى داۋامىدا، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىپ»كە ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭدىكى تەلىم-نەسىھەتلەر بويىچە ئىش كۆرۈپ، تەدرىجىي ھالدا بىر يۈرۈش، مۇكەممەل بولغان ئىتتىپاقلىق نۇقتىئىنەزىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنى ئاللاتائالانى رازى قىلىش، ئىنسانلار جەمئىيىتىگە بەخت-سائادەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ دىنىي پائالىيىتى ۋە رېئال تۇرمۇشىدا، ئۆزىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە يېتەكچى قىلغان.

ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق تەۋسىيە قىلىدۇ: "ھەممىڭلار ئاللانىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللانىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار" (3-سۈرە، 103-ئايەت). يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر ئۈممەت ئىدى (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى)، ئاللا (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كۇففارلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى؛ (ئاللا) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەق كىتابنى نازىل قىلدى..." (2-سۈرە، 213-ئايەت)؛ "ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق..." (49-سۈرە، 13-ئايەت). ئالدىنقى ئايەتتە، مۆمىنلەر ئاللا يولىدا زىچ ئىتتىپاق بولۇشقا، ئايرىلىپ كەتمەسلىككە روشەن ئاگاھلاندۇرۇلغان؛ كېيىنكى ئايەتلەر بولسا، ئىنسانلارنىڭ بىر يىلتىز-بىر مەنبەلىك ئىكەنلىكى، كېيىن تارىخنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتتە ئىش تەقسىماتىنىڭ بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك مىللەت ۋە دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى، ئەمما بىرلىكتە ئالغا يۈكسىلىش ئۈچۈن باشتىن ئاخىر تىنچ بىللە ياشاپ، بىر-بىرىگە ئىززەت-ھۆرمەت قىلىشىپ كەلگەنلىكى چوڭقۇر يېشىپ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈ-

ۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىتتىپاقلىق نۇقتىئىنەزىرى ئىككى نېگىزلىك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئۇنىڭ بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقى، يەنە بىرى مۇسۇلمانلار بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىتتىپاقلىق نۇقتىئىنەزىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلىك قارىشى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىتتىپاقلىق ئىدىيىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبرەتلىك سۆزلىرى ۋە ئېسىل خىسلەتلىرى ئارقىلىق گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۆمىنلەرگە: "ئاللادىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا-ئانىغا، خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە ..." ئەمر قىلىنغان (2-سۈرە، 83-ئايەت). بۇلار ھەم ئىخلاسمەن مۆمىنلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك ديانەت ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت، ھەم جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ ئاساسى. بۇنىڭ ئاللانىڭ ئەمرى (پەرز) يۈكسەكلىكىدە قويۇلۇشىدىن ئىسلام دىنىنىڭ ئىتتىپاقلىققا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە دىنىي پائالىيىتىدە يۇقىرى-تۆۋەن، ئەزىز-پەس دېگەن پەرق بولمايدۇ، چۈنكى «قۇرئان كەرىم»دە: "...ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر..." (49-سۈرە، 13-ئايەت) دېيىلگەن. شۇڭا، مۇسۇلمانلار تەڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق روھى ئاساسىدا، ئەمەلدار ئالىيجانابلاردىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالارغىچە بىر مەسچىتتە، بىر قىبلىگە يۈزلىنىپ، بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ، ئوخشاش «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، بىرلىكتە ناماز ئۆتەيدۇ، ئۇلار نام-نەسەب، قەدىر-قىممەت، سەن-مەنلىك سۈرۈشتە قىلىشماي، دوستانە-ئىناق كەيپىياتتا بولۇشىدۇ. شۇنداقلا، ھەپتىدە بىر قېتىم ئوقۇلىدىغان جۈمە نامىزى، يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان ھەج-تاۋاپ، يىلدا بىر نۆۋەت ئوقۇلىدىغان روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامىزى قاتارلىق دىنىي ئەمەللەردە، "مۆمىنلەر قېرىنداشتۇر" دېگەن ئىتتىپاقلىق ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "مۆمىنلەر خۇددى بىر ئىمارەتكە ئوخشاش بولۇپ، بىر-بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان" دېگەنىدى. شۇنداقلا "لەۋزى ۋە قولى مۇسۇلمانغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئادەملا ھەقىقىي مۆمىن ھېسابلىنىدۇ" دەپ قاراپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈپ، يار-يۆلەك بولۇشىنى، ئاداۋەت-ئۆچمەنلىككە قارشى تۇرۇشىنى ھەمدە ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان بارلىق ئامىللاردىن ساقىت بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىزباسار "دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلاش"تىن ئىبارەت كېڭەش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان ئىخلاسلىق خەلىپە تۈزۈمى روناق تېپىۋاتقان ئىسلامىيەت ئىشلىرىنى ساقلاپ قالدى ۋە راۋاجلاندۇردى. ھالبۇكى، ئىخلاسلىق خەلىپە تۈزۈمى ئاخىرلىشىش بىلەن، ئۇرۇشلار ئەۋج ئېلىپ، دىنىي مەزھەپلەر باش كۆتۈرۈپ، دىن تارقىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى، دېموكراتىك سايلام تۈزۈمىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، ھوقۇق تالىشىشنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەنلىكى بۇنداق بولۇشتىكى ئاساسىي ئامىل ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزگەن ئاساسىي ئامىل باشباشتاقلىق، ھەركىم ئۆزى بىلگىنىچە ئىش كۆرۈش، ھوقۇقۋازلىق ئەلاچىلىغىدىن ئىبارەت بولدى. بۇنداق قىلىش «قۇرئان كەرىم» تەلىماتىغا مۇخالىپ يول

www.uyghurkitap.com

تۇتۇش ئىدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، تىرىكچىلىك ئارزۇسى ئاللاتائالا ئىنسانلارغا بەخش ئەتكەن تەبىئىي خاسلىق، تىرىكچىلىك ھوقۇقى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ نېگىزلىك ھوقۇقى. ھالبۇكى، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئادەمنىڭ يەنە ئىجتىمائىي خاسلىققا ئىگە ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي خاسلىق ئىجتىمائىي خاسلىق ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ ھەم ئىجتىمائىي خاسلىقنى شەرت قىلىدۇ، ئادەمنىڭ تىرىكچىلىكى ۋە راۋاج تېپىشى جەمئىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ يامانلىقنى توسۇپ، ياخشىلىقنى نامايان قىلىش، يېتىم-مىسكىنلەرنى قۇتقۇزۇش، كەمتەر ۋە ئىلىمگە ھېرىسمەن بولۇش، خىش-ئەقرىبالار بىلەن ئىناق بولۇش قاتارلىق چۈشەنچىلىرىمۇ دەل ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي خاسلىقى بىلەن تەبىئىي خاسلىقىنىڭ قوشۇلمىسىدىن بارلىققا كەلگەن. شۇڭا، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىناق ۋە دوستانە، بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە كۆيۈنۈش مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك. «قۇرئان كەرىم»: ”مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللادىن قورقۇڭلار“ (49-سۈرە، 10-ئايەت) دەپ تەلىم بېرىدۇ.

تالايلىغان تارىخىي پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىسلام دىنى تەرغىپ قىلىدىغان ئىتتىپاقلىق ھەرگىز تار دائىرىدىكى، بېكىنمە ھالەتلىك ۋە يەككە-يېگانە ئىتتىپاقلىق ئەمەس، بەلكى كەڭ كۆلەملىك، كۆپ تەرەپلىمىلىك، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا باغلانغان ئىتتىپاقلىق. ئۇزاق زامانلاردىن بېرى كۆپ مىللەتلىك مۇھىتتا ياشاپ كەلگەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە يۈكسىلىش ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىسلام دىنى تارقىتىلغان دەسلەپكى چاغلاردا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلار ئىنتايىن كۆپ بولغان. ئەمما كۈچ جەھەتتىن شۇنچە ئاجىز بولغان ئىسلام دىنىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن مۇشرىكلىك ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئەرەب ئىسلام ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىپ، ئاخىر ھازىرقىدەك 1 مىلياردتىن ئارتۇق ئېتىقادچىغا ئىگە دۇنياۋى دىن بولۇپ قالالىشى دەل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئاللاتائالانىڭ ۋەھيى تەلىماتلىرى بويىچە، سىياسەت-تەدبىرلەرنى جانلىق تۈزۈپ ۋە تەتبىقلاپ، يەھۇدىيلار ۋە ناسارىلار (يەھۇدىي دىنىدىكىلەر ۋە خرىستىئان دىنىدىكىلەر)نى ھەم ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرەلىگەنلىكىدىن بولغان. مەسىلەن، مىلادى 622-يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنەمۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلىپ سىياسىي پروگراما—«مەدىنە نىزامنامىسى»نى تۈزۈپ چىققانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىت ھەمدە مىلادى 628-يىلى ئۆزىنىڭ دۆلەت باشلىقى سالاھىيىتى بىلەن سەككىز قوشنا دۆلەت پادىشاھلىرىغا مەكتۇپ يوللىغان تەدبىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر بولۇشتەك مەقسەت-مۇددىئاسىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تارىخنى كۆزىتىپ، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە «ھەدىس شەرىپ»لەرگە ماسلاشتۇرۇپ قاراش نەتىجىسىدە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ تونۇپ يەتتۇق. شۇڭا، بىز مۇسۇلمانلار دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ،

# ئىسلام دىنىنىڭ تۇغۇلۇش-ئۆلۈش نۇقتىئىنەزىرى توغرىسىدا

♣ خۇاڭ يىچۈەن ♣

ئىسلام دىنى ئىككىلا دۇنياغا تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان دىن بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئۇرۇق سېلىپ ئىگىنچىلىك قىلىش مەيدانى؛ ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئاللا بەلگىلەيدۇ، تۇغۇلۇش ئۆلۈشنىڭ باشلىنىشى، ئۆلۈش تۇغۇلۇشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش ئاللانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ، ئىنسانلار ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئۇنى قىلچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەنىدى: "ئاللانى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، ئاللا سىلەرگە جان بەردى (ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنى ئىدىڭلار)، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) ئاللا جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاللانىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر"(2-سۈرە، 28-ئايەت). بۇ ئايەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىز تۇغۇلۇشتىن ئاۋۋال، ئەسلىدە ئۆلۈك ھالەتتە تۇرغاندۇق، ئاللاتائالا بىزنى ياراتتى، بىزگە جان ۋە ساغلام بەدەن ئاپىرىدە قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالانىڭ بىزنى ياراتقانلىقى شەپقىتىنى دائىم ئەسلەپ تۇرۇشىمىز ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالاغا تەشەككۈر بىلدۈرۈشىمىز، ئاللاتائالانىڭ ئەمرىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنىڭ بىر مەزگىللىك ھاياتلىقىدا، ئاللاتائالا بىزگە ئاتا قىلغان جان ۋە ئەقىل-پاراسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاللا يولى ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىدىغانلىكى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆلۈم بېشىمىزغا كەلگەندە، كائىناتنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاتائالاغا پۇشايمانسىز، ئەندىشىسىز، ئوچۇق كۆڭۈل بىلەن مۇلاقات بولالايمىز. ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "ھەربىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، سىلەرنى بىز يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز..." (21-سۈرە، 35-ئايەت). ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: 'بىز ئەلۋەتتە ئاللاتائالانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز' دەيدۇ"

قۇرئان-كىتابلار بويىچە ئىش كۆرۈپ، يېڭى تىپت-كى، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىجتىمائىي مۇناسۋەت ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، شەخسلىك ئەخلاقىي پەزىلىتىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇپ، كەسپىي ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئۆستۈرۈپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاقنى تىكلىشىمىز لازىم. بۇ، ھەم جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، ھەم ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان "ئىخلاسلىق ئىتتىپاق"نىڭ گەۋدىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ھەممىمىز قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، ئاللاتائالا يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى!

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى


(2-سۈرە، 156-ئايەت) . ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنـداق دېگەنىدى: «ئادەمنىڭ ئەجىلى توشقاندا، ئاللا ئۇنى ھەرگىزمۇ كېچىكتۈرمەيدۇ». يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەر بىزگە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىنسان ئەسلىدە ئاللا-تائالانىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن بولۇپ، ئاخىردا يەنە ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ، ئەزرائىل پەرىشتە يېتىپ كەلگەندە، ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭدىن ئۆزد-نى چەتكە ئالالمايدۇ ياكى ئۇنى توسۇۋالالمايدۇ. ئۆلۈم ئادەم ھاياتىدىكى بىر باسقۇچ، ھەرگىز ئادەم ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى ئەمەس. ئۆلۈم دېگىنىمىز بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ئىشلەۋاتقان، تىرمىشۋاتقان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ، ئاللاتائالاغا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان بارلىق ئىشلىرىدىن ھېساب بېرىپ، ئاللاتائالانىڭ ھەققانىي ھۆكۈمىنى كۈتۈشتۇر. بىر مۇسۇلمان ئۆلۈمگە دۇچ كەلگەن پەيتتە، ئۇنىڭدا، ئۆزىنىڭ قىسقا ھاياتلىق يولىنى مېڭىپ بولۇپ، يەنە بىر دۇنياغا يۈزلەنگەندە، ئىمانى بىلەن ئۆلۈمگە راۋان بولۇش؛ قىيامەت كۈنى، ھەممىگە قادىر خۇدا ياخ-شىلارنى مۇكاپاتلاپ، يامانلارنى جازالايدىغان ھال-قىلىق پەيتتە، بەزى پەيغەمبەرلەر ھەم ساۋابلىق ئىش قىلغانلار بىلەن بىرگە بولۇپ، دوزاخ ئازابى-دىن ساقىت بولۇش ئۈمىدى ۋە ئارزۇسى بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، قانداق قىلغاندا ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ دۇنيادى-كى قىسقا ۋە جەددىي ۋاقىتلىرىنى شاد-خۇرام ئۆت-كۈزەلەيمىز؟ ئالدى بىلەن، بۇ دۇنيانىڭ پەقەت ئادەمنى سىنايدىغانلا ماكان ئىكەنلىكىنى، ساۋاب ئىش قىلغۇچىلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى، يامان ئىش قىلغۇچىلارنىڭ دوزاختا تاشلىنىدىغانلى-قىنى ئوچۇق بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز ئاللادىن، ئاخىرەتتىكى ئازابتىن قورقىدىغان بول-ساق، ئۇ چاغدا، ئاللانى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىمىز، ئاللانىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىلىپ، ئىنساد-لار جەمئىيىتىگە پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قى-لىپ، شۇ ئارقىلىق ئاللادىن ئىلتىپات سورىشىمىز، بۇ دۇنيادىكى شان-شەۋكەت ۋە بايلىق-مەئىشەتكە بېرىلىپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. ئەگەر بۇ دۇنيادىكى بەھرىمەنلىككە بەكمۇ بېرىلىپ كېتىپ، ئۆلۈمنى ئالتە تاغنىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋېتىپ، ئاللاتائالانى سېغىنىشقا ۋە ئاخىرەتنىڭ كېلىدىغانلىقىغا پەرۋاسىز قارىساق، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولىدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەنىدى: «ئى مۆمىن-لەر! ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللانىڭ زىكرىدىن (ئاللانىڭ تائەت-ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن. كىملەركى، شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر» (63-سۈرە، 9-ئا-يەت) . ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن-كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ مال-لار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىن-سانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تى-رىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ ئاللانىڭ دەرگاھىدا بولسا، قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك)» (3-سۈرە، 14-ئايەت) . بۇ ئىككى ئا-يەتتىن شۇنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەسكى، مۇبادا مال-مۈلۈك، پەرزەنتكە ئوخشاش دۇنيادا كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان شەيئىلەرگە بەك كۆپ بېرىلىپ كېتىلسە، بىردىنبىر ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا تەسىر يېتىدۇ ۋە توسقۇن بولىدۇ، ئۇ ھالدا، سەن تەلمۈر-گەن ھەممە نەرسە بىراقلا بىكار بولىدۇ. سەن مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن بايلىققا، بىرتالاي پەرزەنت ۋە نەۋرىلەرگە ئىگە بولساڭمۇ، لېكىن ئۇلار سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزالمايدۇ، ھەرگىزمۇ سېنىڭ بىلەن بىللە گۆرگە كىرمەيدۇ، سەن پەقەت بۇ دۇنيادا

قىلغان بارلىق ئەمەللىرىڭ ۋە ياخشىلىقلىرىڭنىلا كۆرگە بىللە ئېلىپ كىرالايسەن. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەنىدى: "بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇزىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل-مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، (بىرەر يېغىش بىلەن ئۆستۇرگەن) ئۆسۈملۈكى، دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئاندىن بۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يەنچىلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە (كۇپپارلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب بار، (ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن) ئاللانىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار،دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم) ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر" (57-سۈرە، 20-ئايەت). بىز ئاللاتائالا بىزنى باشلىغان كەڭتاشا يولغا—ئىسلامغا مەھكەم ئېسىلىشىمىز، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىشىمىز، ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: "بۇ دۇنيايىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن گويا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك، ئاخىرىتىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن گويا ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك" دېگەن ھەدىسىگە قۇلاق سېلىپ، ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەت ۋە خەيرلىكنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئىزدىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بىزگە شۇ ئىنتايىن ئېنىق ۋە ئوچۇق مەلۇمكى، ئاخىرەتكە بۇ دۇنيادا تەييارلىق كۆرۈلىدۇ، بۇ دۇنيا ئاخىرەتكە بارىدىغان كۆۋرۈك، ئادەم ئۈچۈن بۇ دۇنيا خۇددى يولۇچىلار چۈشىدىغان سارايغا ئوخشايدۇ، پەقەت ئاخىرەتلا مەڭگۈلۈك ماكاندۇر. بۇ دۇنيا قىسقا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، پاسسىپ ھالەتتە كۈتۈپ تۇرماستىن، ھاياتلىق مەزگىلىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاللانى رازى قىلىدىغان ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىدىلا ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. "پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن" (2-سۈرە، 201-ئايەت). قېرىنداشلار ئىنتىپاقلىشىپ، ئاللاتائالا ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىغا ئەمەل قىلىپ، ئاللاتائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ، مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرىش يولىدا بىر-بىرىمىزگە مەدەت بېرەيلى! "ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن" (89-سۈرە، 27—28-ئايەتلەر). تەڭداشسىز خۇدا! بىزنىڭ دۇئا-تەلىپىمىزنى قوبۇل قىلغايسەن، ئامىن!

---

(بېشى 41-بەتتە)

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشتىكى غەيرىي نورمال ئەھۋاللارنى تۈزىتىش، ئۆزگەرتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر يىلى خەلقئارا قىرائەت مۇسابىقىلىرىگە قارىيلارنى ئەۋەتىشتىن باشقا، ھەر ئىككى يىلدا بىر نۆۋەت مەملىكەت بويىچە قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شىنجاڭدىن بارغان قارىيلىرىمىز كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان ئۇتۇقلارنى قازاندى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ، كەڭ ئېتىقادچى ئامما، بولۇپمۇ قارىيلىرىمىزنىڭ يەرلىك شېۋىنى تاشلاپ، تەجۋىدنى ئاساس قىلىپ، قىرائەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى، قۇرئان ئوقۇشتىكى شەرت، بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# «قۇرئان كەرىم»دىكى 36-سۈرە (ياسىن سۈرىسى) 36-ئايەت بىلەن 21-سۈرە (ئەنبىيا سۈرىسى) 32-ئايەتنىڭ ئىلمىي شەرھىسى

غازىز ھاجى داموللا (قازاق)

«قۇرئان كەرىم»نىڭ 36-سۈرە، 36-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئاللا (پۈتۈن ئەيىب-نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار) نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار". تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇ ئايەتتە "زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەر" دېيىلگەندە بوتانىكا، "ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى" دېيىلگەندە زوئولوگىيە ۋە ئاناتومىيە ئىلمى، "ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر" دېيىلگەندە فىزىكا ئىلمى نىشان قىلىنىدۇ ھەمدە ئاللاتائالانىڭ كۈللى مەۋجۇداتنى جۈپ ۋە بىر-بىرىگە زىت ئاپىرىدە قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق جانلىقلار بىلەن ئۆسۈملۈكلەردىلا ئىككى جىنسلىق ئەھۋال بولۇپ قالماستىن، باشقا ماددىي نەرسىلەردىمۇ شۇنداق ئەھۋال (ئەركەك-چىشىلىك) مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئىشارەتلىنىدۇ. ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ئاتومدا بىر-بىرىگە زىت ئىككى زەررىچە ئامىل — ئېلېكترون بىلەن پروتون بولسا، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىدىمۇ بىر-بىرىگە زىت ۋە بىر-بىرىگە جۈپ (بىرى بولمىسا يەنە بىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغان) مەنپىي ۋە مۇسبەت دەيدىغان ئىككى ئامىل بار. بۇنىڭدىن باشقا تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ھاياتلىق قانۇنىيىتىدىمۇ بىر-بىرىگە زىت ئامىللار مەۋجۇت، مەسىلەن، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم، ئىسسىق بىلەن سوغۇق، ئەركەك بىلەن چىشى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، ھەرىكەت بىلەن جىملىق، توغرىلىق بىلەن خاتالىق قاتارلىقلار.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى زىتلىق ھەم جۈپلۈكنى تەبىئىي پەننىڭ تەتقىق ۋە تەتبىق قىلغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىدى. ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» دە زىتلىق ھەم جۈپلۈك بېشارىتى بېرىلگىنىگە 14 ئەسىردىن ئارتۇق بولدى. دېمەك، «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارغا ھىدايەت يولىنىلا كۆرسىتىپ ۋە ئۆگىتىپ قالماستىن، ئىنسانلارنى تەبىئەت دۇنياسى بىلەن كۆرۈشىپ، ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا، شۇنداقلا، تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشقا تەرغىب قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ 21-سۈرە، 32-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئاسماننى بىز بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاسماندىكى (كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئاللانىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىن غەپلەتتىدۇر". بۇ ئايەتتىكى "بىخەتەر ئۆگزە" توغرۇلۇق قەدىمكى مۇپەسسىرلەر ھەر خىل تەۋىللەرنى، مەسىلەن، ئۇلار ئاسماننى جىن-شەيتانلاردىن قوغداپ تۇرىدىغان مالائىكىلەرنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مىسال قىلىپ باقتى. مېنىڭچە، زامان تەرەققىياتى بىلەن بىرگە بۇ ئايەتنىڭ باشقا بىر ئىلمىي سىرىمۇ ئېچىلىۋاتىدۇ. يېقىنقى زاماندىكى ئالىملارنىڭ يەرشارىنى قاپلاپ تۇرغان ئاتموسفېرا قەۋىتى ۋە توغ-

رىسىدىكى ئىلمىي يەكۈنى ئەنە شۇ "بىخەتەر ئۆگزە"نىڭ قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، ئاتموسفېرادىن ئىبارەت بۇ بىر تون (يەر شارى تونى) بىر-بىرىدىن پەرقلىق كۆپ قەۋەتلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ گازسىمان، يۇمشاق تۇمانلىق ھالەتتە يەر شارىنى 10 مىڭ كىلومېتىر قېلىنلىقتا مەھكەم ئوراپ تۇرىدىكەن، ئاتموسفېرانىڭ ئىقلىم، ھاۋا رايى ھادىسىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتى 12 كىلومېتىر قېلىنلىقتا بولۇپ، بۇنىڭ 78 پىرسەنتىنى ئازوت، 21 پىرسەنتىنى ئوكسىگېن تەشكىل قىلىدىكەن. بىزنىڭ تىرىكلىكىمىزگە زۆرۈر بولغان ئازوت ۋە ئوكسىگېننى پەقەت مۇشۇ قەۋەتلا تەمىنلەيدىكەن. بۇنىڭدىن يۇقىرىقى قەۋەتلەر مۇداپىئە قەۋەتلىرى بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئالەم بوشلۇقىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان ئاقما يۇلتۇزلار ۋە مېتېئورىت تاشلارنىڭ زېمىننى زور مىقداردا ئازايتىش ئارقىلىق يەر شارىدىكى جانلىقلارنى، ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداپ قالالايدىغان پۇختا نىقاب ئىكەن. ئەگەر ئاتموسفېرا تونى بولمىغان بولسا، يەر شارى مېتېئورىتلارنىڭ زەربىسىدىن ۋەيران بولۇپ، جانلىقلار تۈگىشىپ كېتىدىكەن. ئاتموسفېرا بولغاچقىلا مېتېئورىتلار يەر شارىغا سوقۇلۇپ بولغۇچە گاز مولېكۇللىرىغا سوقۇلۇپ، پارچىلىنىپ، توپا-توزانغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن، پەقەت ئاتموسفېرالا يەر شارىنى قۇياشنىڭ ئوتتەك ئىسسىقلىقىدىن ۋە دەھشەتلىك سوغۇقلاردىن ساقلاپ تۇرىدىكەن. دېمەك، "بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق" دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى "يەر شارىنى ھەر خىل ھادىسىلەردىن ساقلاپ تۇرىدىغان ئاتموسفېرا ياراتتۇق" دېگەن مەنىدە چۈشەنسەك خاتا كەتمەيمىز.

يۇقىرىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىككى ئايىتىنىڭ ئىلمىي سىرىغا ئازراق شەرھ بەردۇق. «قۇرئان كەرىم»دىكى يەنە باشقا نۇرغۇن ئايەتلەردە ئىلمىگە، مەسىلەن، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، پەلسەپە، كوسمولوگىيە قاتارلىق ھەر خىل تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ۋە بېشارەتلەر بار. ئۇنىڭ ھەممىسىنى ۋە جىمى شەرھىسىنى بۇ بىر كىچىك ماقالىگە يىغىنچاقلاپ بولغىلى بولمايدۇ.

ئېيتىش كېرەككى، خېلى كۆپ مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى پەقەت ناماز قىرائىتىگە، ئەرۋاھلارنىڭ قەبرىسىگە، مېيىت چىققان ئائىلىگە، كېسەللەرگە دېمىدە قىلىشقا ئاتاپلا ئوقۇلىدىغان بىر كىتاب دەپ چۈشىنىدۇ. ئەڭ قاملاشمىغىنى شۇكى، بەزى سائىللار ئالدى بىلەن بىرەر ئايەت ئوقۇپلا ئاندىن خەقتىن بىر نەرسە تىلەيدۇ. قۇرئان ئايەتلىرىنى چۈشەنمەسلىك ۋە ئۇنى خالىغانچە سۇيئىستېمال قىلىشتەك بۇنداق ناچار ئىش پەقەت شۇ مۇسۇلماننى مۇسۇلمانلىق پەزىلىتى ۋە غورۇرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، خالاس.

«قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارغا توغرا يول كۆرسىتىدىغان، ئىنسانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسايدىغان نۇرغۇن ئايەتلەردىن باشقا، يەنە خىلمۇخىل پەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ئايەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇيۈك كىتاب بولۇپ ، بىز مۇسۇلمانلار ئۇنى ئېتىقاد ئىشلىرىمىزغىلا ئىشلىتىپ قالماي (بۇمۇ ئىنتايىن زۆرۈر) ، ھەم قۇرئاننىڭ ئىمان نۇرىنىلا كۆرۈپ قالماي، ئۇنىڭ ئىلىم نۇرىنىمۇ كۆرەلىشىمىز، ئىمان ۋە ئىلىمدە تەڭ يېتىلىشىمىز، قەلبىمىزنى ئىمان ۋە ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتۇشىمىز، ياش-ئۆسمۈرلەرنىمۇ شۇنىڭغا دالالەت قىلىشىمىز، ئۇلارنى ئىلىمگە قىزىقىدىغان ۋە ئىلىمنى چەتكە قاقمايدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، كۈكتوقاي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ قازاقچە تەرجىمىسىنىڭ تەرجىمە قىلغۇچىسى.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى

ئابدۇخالىق ئالىم

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۈيۈك ئەخلاقا ئىگە زات بولۇپ، ئاللاتائالا ئۇ زاتنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كالامىدا ئالاھىدە تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن: ”ئى مۇھەممەد! سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقا ئىگىسەن“(68-سۈرە، 4-ئايەت). ”ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭلەردىن تارقاپ كېتەتتى“ (3-سۈرە، 159-ئايەت).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ئەمىنلىك ۋە راستچىللىقى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، ئۇ دەل پەيغەمبەرلەرگە ۋە ھەققانىيەتكە يېتەكلىگۈچىلەرگە خاس سۈپەتتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياشىغان دەۋر زۇلمەتلىك جاھىلىيەت دەۋر بولۇپ، ئۇ دەۋردىكى كىشىلەردە ئېتىقاد، ئەخلاق، مەدەنىيەت سۈپەتلىرى ئاسانلىقچە تېپىلمايتتى. ھالبۇكى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇ دەۋردە پۈتكۈل ئەرەبلەر ئارىسىدا، راستچىل، سەمىمىي، ئەخلاقلىق دېگەن سۈپەتلىرى بىلەن تونۇلغان. ئۇلار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئامانەتلىرىنى خاتىرجەم ۋە ئىشەنچلىك ھالدا ئامانەت قويۇشقان.

قۇرەيشلەر كەبىنىڭ بىناسىنى قايتىدىن رېمونت قىلىدىغان ۋاقىتتا ھەجەر ئەسۋەد (قاراتاش)نى ئۆز ئورنىغا قويۇشتا كىمنىڭ قويۇشى توغرۇلۇق پىكىر بىرلىكىگە كېلىشەلمەي، ئاخىر، بەيتۇللاغا كىم بىرىنچى بولۇپ كىرسە ھەجەر ئەسۋەدنى شۇ ئۆز ئورنىغا قويسۇن دېگەن پىكىرگە كېلىشكەن. شۇ ئەسنادا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاغا بىرىنچى بولۇپ كىرىپ كەلگەن، بۇنى كۆرگەن قۇرەيشلەر، ”مانا ماۋۇ مۇھەممەد، بۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك، بۇنىڭغا بىز رازى“ دەپ بىردەك ئاۋاز قوشقان. بۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى مەشھۇر نامايەندىلىرىنىڭ بىرى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كەمتەر، تەمكىن زات بولۇپ، ئاللاتائالا ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش نەسەبىنى ناھايىتى ياخشى تاللاپ، ئىنسانىيەتنى ھەققانىي يولغا يېتەكلەيدىغان ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىشلىرىدا ھەممىگە ئۈلگە بولالايدىغان بۈيۈك ئەخلاق-پەزىلەتنى شۇ زاتقا ئاتا قىلغان. بۇ ھەقتە ئاللاتائالا

مۇنداق دەيدۇ: "سىلەرگە — ئاللانى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللانى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە—رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر" (33-سۇرە، 21-ئايەت).

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتىن ناھايىتى يىراق بولۇپ، پېقىر-مىسكىنلەرنى دائىم يوقلايتتى، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇلاردىن ھال-ئەھۋال سورايتتى، شۇنداقلا بارلىق ساھابىلەر بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ھېچقانداق سۆز-ھەرىكەتلەردە بولمايتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا بىر ھەدىستە مۇنداق نەقىل قىلىنغان: "بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر توپلىشىپ ئولتۇرغان بىر سورۇنغا كىرگەندە پۈتۈن ساھابىلەر ئورنىدىن تۇرۇشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا 'بولدى، ئورنۇڭلاردىن قوزغالماڭلار، بۇنداق ئورنىدىن تۇرۇش ئەجەملەرنىڭ قىلىقى. مەن بولسام سىلەرگە ئوخشاش بىر بەندە، مەنمۇ باشقىلار يېگەندەك يەيمەن، ئىچكەندەك ئىچىمەن، كىيگەندەك كىيىمەن، ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىمەن' دېگەن".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر سورۇندا ئولتۇرسا شۇ سورۇن بويىچە ئەڭ تەمكىن، ئەڭ كەمتەر، ئەڭ خۇش پېئىل بولۇپ، يېقىمسىز سەت گەپلەردىن ئۆزىنى ئەپقاچاتتى، تايىنى يوق گەپنى زادىلا قىلمايتتى، بەكمۇ ئورۇنلۇق سۆزلەيتتى ھەم ساھابىلەر بىلەن ناھايىتى يېقىملىق چاقچاقلارنى قىلاشاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلىنغان بىر رىۋايەتتە باشقىلار، رەسۇلۇللا ئائىلە ئىچىدە قانداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاتتى، دەپ سورىغاندا، ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئۇلارغا: "رەسۇلۇللا ئائىلىدە ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى، ناماز ۋاقتى بولۇپ قالسا نامازغا چىقاتتى" دەپ جاۋاب بەرگەن. دېمەك، رەسۇلۇللا ئائىلىدە ئاياللار قىلىدىغان قوي، تۆگىلەرنى سېغىش ۋە باشقا ئىشلارنى پەقەت ئاياللارغىلا يۈكلەپ قويماستىن، شۇ ئىشلارنى قىلىشقا ئۆزىمۇ بىۋاستە قاتناشقان. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ھەققى ئەھلى ۋە ھەققۇللانى ئادا قىلىشقا رىئايە قىلىشتىكى بىردىنبىر ئەخلاقىي پەزىلەتكە مەنسۇپ بولغان دەلىل بولۇپ، مۇشۇنداق دەلىل-پاكىتلار ناھايىتى كۆپ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "مەن بارلىق ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم" دېگەنىدى. بىز ئەنە شۇنداق ئەخلاق-پەزىلەتلىك پەيغەمبەرنىڭ بىر ئۈممىتى، شۇڭا بىز بارلىق ئىجتىمائىي ئەخلاق جەھەتتە پەيغەمبىرىمىزنى ئۈلگە قىلىشىمىز، بىزدە بار بولغان ئەخلاقسىزلىق، تەكەببۇرلۇق ۋە ھەر قىسىم ناچار ئىللەتلەرنى تەلتۆكۈس تۈگىتىپ، ياخشى ئىشلارنى قوللايدىغان، ناچار ئىش-ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرەلەيدىغان ئاڭلىق مۇسۇلمانلاردىن بولۇشىمىز بەكمۇ زۆرۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئىسلام دىنى ۋە ئىنسانىي پەزىلەت

ئۆمەرجان مۇھەممەد

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسان ماددا بىلەن روھ-نىڭ ئورگانىك بىرىكمىسىدىن يارالغان ئالىيلىق مەۋجۇدات بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە روھىي تۇرمۇشىدا يارالمىشىدىنلا ئاتا قىلىنغان ئاڭ، ئەقىل، ئىرادە، ھېسسىياتىنىڭ كونتروللۇقىدا، شۇنداقلا تاشقى دۇنيا ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ چەك-لىمىسىدە ياشايدۇ. ئىنسان ئۆزىنى مەدەنىيەت بى-لەن باغلىغاندا رېئاللىقنى گۈزەللەشتۈرەلەيدۇ، ياۋا-يىلىق بىلەن باغلىغاندا رېئاللىقنى ھەم ئۆزىنى خۇنۈكلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئەرەبلەرنى بەدۋىيلىكتىن مەدەنىيەتلىك ئادەم بولۇشقا ئاتلاندۇرغان بۈيۈك ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىي ئىدراك ۋە ئىنسانىي پەزى-لەتنى قوزغىتىدىغان ئېسىل ئەنئەنىسى بۈگۈنكى كۈندە ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

«قۇرئان كەرىم» دىكى "ئى مۇھەممەد! سەن ھەققەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن" (68-سۈرە، 4-ئايەت) دېگەن ئايەتتىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇ-رۇپتۇكى، ئاللاتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاۋ-ۋال ئەنە شۇنداق گۈزەل سۈپەتلىك ئىنسان قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ئاجايىپ ھېكمەت، پەزىلەت ئاتا قىلغان، ئاندىن ئۇنى پۈتۈن ئىنسانلارنى ھىدايەتكە باشلىيالايدىغان ئۇلۇغ مۆجىزىلەرگە نائىل قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققەتەن ئېسىل سۈپەتلىك، ئەخلاق-پەزىلەتلىك، شۇنداقلا باشقا جەھەتلەردىمۇ ئاجايىپ كارامەتلىك شەخس ئى-كەنلىكىنى تارىخشۇناسلارلا ئەمەس، زامانىمىزدىكى پۈتۈن دۇنيا خەلقى شەرتسىز ئېتىراپ قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىگە بولغان سانسىز سۈپەتلەر ئىچىدە ئىنسان كۆركىنىڭ ئەڭ مۇھىم زىننىتى بولغان ئەخلاق-پەزىلەت ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەھلى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كە-رىم» ۋە «ھەدىس شەرىپ» تىكى ئەخلاق-پەزىلەتكە دائىر نۇرغۇن مەزمۇنلاردىن بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىۋالالايدۇ. ئەقەللىي ئادەتلەردىن ئې-لىپ ئېيتساق، ئىككى مۇسۇلمان ئۇچراشقاندا ئۆز ئارا سالام-سائەت قىلىش، سۆزلەشكەندە خۇش پېئىل، مۇلايىم بولۇش، كىشىلەرنى دەرىجىگە ئاي-رىپ مۇئامىلە قىلىشتىن يىراق تۇرۇش، قورساقنى كەڭ تۇتۇش، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش، مۇناسى-ۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق، مېھماندارچىلىق ۋە تاماق سورۇنلىرىدا ئەدەبلىك بولۇش، قىسقىسى، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىق پەزىلىتىنى ساقلاشقا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىش؛ ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئا-تا-ئانىنى ھۆرمەتلەش، قېرىنداشلىرىغا كۆيۈنۈش، قولۇم-قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش، ئاجىز-مىس-كىنلەرگە ساخاۋەت قىلىش، ئەر-ئايال ئىككى تە-رەپ بىر-بىرىنى ئىززەتلەش، دوستلۇقنى قەدىر-لەش، كىشىنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلىش دې-گەندەك نۇرغۇن ئېسىل پەزىلەتلەر بۈگۈنكى كۈن-دە بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىززىتىنى ئىستەيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش قىبلىنامىسىغا ئايلىنىپ كەتتى.

بىر ھەدىستە ئېيتىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەي-ھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئىمان ئاتمىش نەچچە شاخچىدىن تەركىب تاپقان، ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسى" بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان ھايا كىشى-لەرنىڭ سەت ئىشلاردىن ساقلىنىشىغا تۈرتكە بول-دىغان بىر خىل بۈيۈك پەزىلەتتۇر. ھايانىڭ ئالا-

ھەدە تىلغا ئېلىنىشى ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ باشقا شاخ-
چىلىرىنىڭ (تۈرلىرىنىڭ) ئورۇنلىنىشىغا سەۋەب
بولىدىغانلىقىدىندۇر. چۈنكى ھايا كىشىدە بۇ دۇنيا
ۋە ئاخىرەتتە رەسۋا بولۇپ قالارمەنمۇ دېگەن قور-
قۇنچنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشى ئوبدان
ئىشلارنى قىلىپ، ناچار ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ.

ئاللا ئۈچۈن بولغان مۇھەببەت بىلەن نەپ-
رەتنىڭمۇ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى توغ-
رىسىدىكى بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام-
نىڭ مۇنۇ سۆزى قەيت قىلىنغان: "سۆزى ۋە
ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا زىيان-زەخمەت
يەتكۈزمىگەن ئادەم ھەقىقىي مۇسۇلمان ھېسابلىنى-
دۇ، ئاللا مەنئى قىلغان نەرسىلەرنى تەرك ئەتكەن
ئادەم مۇھاجىرلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ
مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىنىڭ ئالدى-
كەينىدە مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ بارغان مۇ-
سۇلمانلار) قاتارىدا سانىلىدۇ". بۇ ھەدىسنىڭ مەنە
دائىرىسى ۋە مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى مۇسۇلمانلىق
پەزىلىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە دېگۈدەك چېتىلىدۇ.
بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ، ھەرقانداق مۇسۇلمان جەز-
مەن ئىسلام ئەھلىگە خاس گۈزەل ئەخلاق-پەزى-
لەت بىلەن سۈپەتلىنىشى كېرەك.

مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېتىقاد بىرلىكى
ئۇلارنىڭ ناماز سورۇنلىرىدىكى ئىبادەتلىرىدىن
باشقا، يەنە رېئال تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي پەزىلىتىدى-
مۇ گەۋدىلەنسە، بۇ تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە كاتتا
ئىش بولغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇن-
داق دېگەن: "سىلەردىن ھەرقانداق بىر كىشى
ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ
ياخشى كۆرگەندىلا، ئاندىن مۇسۇلمانلىقى كامىل
ھېسابلىنىدۇ". بۇ نېمىدېگەن بۈيۈك ھېكمەت-ھە!
نىيەت-ئىقبالىنى بىر بۈيۈك قۇدرەت ئىگىسىگە باغ-
لىغان كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئەگەر بىر نى-
يەت- بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ، ھەقىقىي پەزى-
لىتىنى يوقاتماي، ئۆزئارا ئىللىقلىق يەتكۈزىدىغانلا
بولسا، ئىسلامىيەت نۇرىنىڭ شانلىق مۆجىزىلىرى
ئەبەدىي نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

بىز مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئە-
لەيھىسسالامنىڭ: "مەن يەر شارىغا گۈزەل ئەخلاق-
لارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم"
دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇپ قالمايلى، گۈزەل ئەخ-
لاق-پەزىلەتنى مۇسۇلمانلىق خىسلەتنىڭ تەلىپى
بويىچە ئۆزىمىزدە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، گۈزەل
ئەخلاقىي سۈپەتلەرگە ئىگە پەيغەمبىرىمىزگە مۇم-
كىنقەدەر يېقىنلىشىش ۋە ئاللانىڭ رازىلىقىغا ئېرى-
شىش نېمىدېگەن زور شەرەپ-ھە!

بۈگۈنكىدەك جۇشقۇن تەرەققىيات دەۋرىدە
تىرىكچىلىك تەلىپىگە ئاساسەن ھەر ساھە بويىچە
ھەر خىل يوسۇندا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارغا، بو-
لۇپمۇ ياشلارغا، باللارغا ئىسلام ئەخلاق-پەزىلىتى
بەكمۇ زۆرۈر، چۈنكى ماددىي تەرەققىياتنىڭ بەزى
پاسسىپ ئامىللىرى پەزىلەتكە سەل قارايدىغان مۇ-
سۇلمانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئاقىۋەت
تۈيۈق يولغا باشلىشى مۇمكىن.

(تولۇقلاپ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر مۇھەممەد)

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com

# «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشتا بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار توغرىسىدا

ياقۇپ هاجى مۇھەممەد

«قۇرئان كەرىم» ئاللاتائالانىڭ سۆزى بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس كىتابى. ئۇ ئىسلام دىنى ئەھكاملىرى، ئىسلام دىنى شەرىئىتى ۋە ئەدەب-ئەخلاق تەلىماتىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇنى قىرائەت قىلىش، ئوقۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇھىم مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. فىقھە كىتابلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتكە يېتەرلىك ئايەتلەرنى يادلاپ ئېلىشى پەرز ئەين، قۇرئان ئايەتلىرىنى كۆپرەك يادلىشى پەرز كىپايە ياكى ۋاجىپ دەپ قەيت قىلىنغان.

«قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان، بىزنىڭ بىر قىسىم قارىيلىرىمىز «قۇرئان كەرىم»نى قائىدىلىك قىرائەت قىلالىسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن قارىيلىرىمىز ۋە كەڭ ئېتىقادچى ئاممىدا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش، قىرائەت قىلىش شەرتى ۋە قائىدىسىگە خىلاپ هالدا قىرائەت قىلىدىغان، توختاشقا تېگىشلىك جايدا توختىماي ئوقۇپ، توختىمايدىغان جايدا توختاپ ئوقۇيدىغان، سوزۇپ ئوقۇيدىغان جايىنى سوزۇپ ئوقۇماي، سوزۇماي ئوقۇيدىغان جايىنى سوزۇپ ئوقۇيدىغان ۋە يەرلىك شېۋە بويىچە قىرائەت قىلىدىغان ئەھۋاللار ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. شۇڭا قۇرئان ئوقۇغۇچىلار قۇرئان ئوقۇش قائىدىسى، شەرتى ۋە قۇرئانغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىۋېلىشى زۆرۈر.

«قۇرئان كەرىم» جەمئىي 30 پارە بولۇپ، 114-سۈرە، 6236 ئايەت، 77409 سۆز، 308123 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە 86 سۈرە، 4613 ئايەت مەككەمۇكەررەمەدە، 28 سۈرە، 1623 ئايەت مەدىنەمۇنەۋۋەرەدە جەمئىي 23 يىلدا تەدرىجىي نازىل بولغان. «قۇرئان كەرىم» رەتلىنىپ بولغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى ئوقۇشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن قۇرئاننى يەتتە بۆلەك (مەنزىل) كە، 30 پارە، 60 كىچىك بۆلەك (ھىزب) كە، 558 رۇكۇغا ئايرىپ چىققان. بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە بۆلەكنىڭ ئايرىلىشى مۇنداق:

| | |
|---|---|
| 1—4-سۈرە | بىرىنچى بۆلەك |
| 5—9-سۈرە | ئىككىنچى بۆلەك |
| 10—16-سۈرە | ئۈچىنچى بۆلەك |
| 17—25-سۈرە | تۆتىنچى بۆلەك |
| 26—36-سۈرە | بەشىنچى بۆلەك |
| 37—49-سۈرە | ئالتىنچى بۆلەك |
| 50—114-سۈرە | يەتتىنچى بۆلەك |

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى توغرا ئوقۇش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: "سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى ئادەم ئىلىم تەلەپ قىلغان ۋە «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغان كىشىلەردۇر"، "سىلەر «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغاندا، ئۇنى ئوقۇشنىڭ شەرتى ۋە قائىدىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلىڭلار، چۈنكى، قۇرئان ئاللاتائالانىڭ سۆزى، ئۇنى قىرائەت قىلساڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلساڭلار زور بەخت-سائادەتكە

ئىگە بولىسىلەر".

«قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرت ۋە قائىدىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك.

بىرىنچى، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغۇچى «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشتىن ئاۋۋال «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغۇچىنىڭ چوقۇم چوڭ تاھارىتى بولۇشى، «قۇرئان كەرىم»نى رەسمىي ئوقۇغاندا كىچىك تاھارەت ئېلىشى، قىسقىسى، پاك بولۇشى لازىم. ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ. ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر" (56-سۈرە، 79—80-ئايەتلەر).

ئىككىنچى، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇيدىغان جاي پاكىز، رەتلىك، غەيرىي پۇراقتىن خالىي بولۇشى لازىم.

ئۈچىنچى، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشقا باشلاشتىن ئىلگىرى چوقۇم "ئەئۇزۇ" (ئەئۇزۇ بىللاھىمىنەش شەيتانىر رەجىم) ۋە "تەسمى" (بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم)نى ئوقۇش، قۇرئان سۈرىسىنىڭ بوغۇم، جۈملىلىرىنى دانىمۇدانە ئېنىق ئوقۇش، ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇش، ئاڭلىغۇچىلارنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ قايسى سۈرە، قايسى ئايىتىنىڭ قىرائەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە مەزمۇنىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، «قۇرئان كەرىم»نى قىرائەت قىلغاندا، «قۇرئان كەرىم»گە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن مىسكىن قىياپەتتە قىرائەت قىلىش لازىم. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "دەرۋەقە، «قۇرئان كەرىم» مىسكىن ھېسسىيات ئىچىدە نازىل بولغان، سىلەر ئۇنى ئوقۇغاندا چوقۇم مىسكىن قىياپەتتە ئوقۇڭلار".

بەشىنچى، قىرائەت ئاخىرلاشقاندا قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىش كېرەك.

ئالتىنچى، «قۇرئان كەرىم» قىرائەت قىلىنىۋاتقاندا باشقىلار قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىپ ئەستايىدىل ئاڭلىشى لازىم. ئاللاتائالا قۇرئاندا مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: "ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)" (7-سۈرە، 204-ئايەت).

«قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشتا بىلىشكە تېگىشلىك شەرتلىك بەلگىلەر:

م—چوقۇم توختاش.

لا—توختىسىمۇ بولىدۇ.

ج—توختىسىمۇ ياكى ئوقۇۋەرسىمۇ بولىدۇ.

صلى—توختىسا بولىدۇ، ئەڭ ياخشىسى توختىماسلىق.

قلى—ئوقۇۋەرسە بولىدۇ، ئەڭ ياخشىسى توختاش.

ط—ئادەتتىكى توختاش.

ز— لى بىلەن ئوخشاش.

ق—توختىسا بولىدۇ.

س—بىرئاز سۈكۈت قىلىپ، ئاندىن يەنە ئوقۇش، بۇ خىل ئەھۋال پەقەت 18-، 36-، 75-، 83-سۈرىلەردە بار.

ص—ئىككى جۈملىنى باغلاش مۇناسىۋىتى بولسا توختاش، ئەڭ ياخشىسى توختىماي ئوقۇۋېرىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

پەقەت يۇقىرىقى شەرت، قائىدە، بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلغاندىلا ئىككى ئالەمدە ئاللاتائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكىلى، قۇرئاننىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشەنگىلى، سۆز-ھەرىكەتنى «قۇرئان كەرىم»دىكى كۆرسەتمىلەر بويىچە بىردەك قىلغىلى، ۋەتەننى، دىننى سۆيۈپ، ئاللانىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ، ئىككى دۇنيانىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئۇل سالغىلى بولىدۇ. (ئاخىرى 33-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام دىنى دەرسلىرىنى ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى

خۇاڭ لىيا

1997-يىل 7-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 31-كۈنىگىچە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام دىنى دەرسلىرىنى ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە بارلىق مۇدەررىسلەر باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، بېيجىڭدىكى مۇسۇلمان ئەرەب تىلى مۇتەخەسسىسلىرى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر، سودان قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى قاتارلىقلارمۇ تەكلىپكە بىنائەن مۇراسىمغا قاتناشتى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇبىي ئاخۇن مۇراسىمنى باشلاش نۇتقى سۆزلىدى، چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس، دوكتور ھەبىب ئىسلام مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى.

ھازىر مەملىكىتىمىزدە توققۇز ئىسلام ئىنستىتۇتى، 33 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بار، بۇ ئورۇنلاردا 26 مىڭدىن ئارتۇق تالىپ ئوقۇۋاتىدۇ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىقتىسادى، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشالايدىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىسلام مائارىپى خادىملىرىنى يەنى مۇدەررىس ۋە ئىماملارنى يېتىشتۈرۈش مەملىكىتىمىزدە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، خەلقئارالىق ئىسلام مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى "ئىقرا" خەيرىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ راسخوت تەمىنلىشى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ قېتىمقى ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىش پائالىيىتىنى كونكرېت ئۇيۇشتۇردى.

بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشكە شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، چىڭخەي، گەنسۇ قاتارلىق 13 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىدىن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان 30 نەپەر ئوقۇغۇچى قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ بەش نەپەر مۇدەررىسى بار)، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام دىنى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن مۇدەررىسلەر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەرەب مۇتەخەسسىسلىرىدىن ماراكەشلىك دوكتور ھەبىب، ئىئوردانىيىلىك دوكتور ئارۇف تەۋفىقلەر تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىندى. ئۇلار «ئىسلام دىنى دەرسلىرىنى ئوقۇتۇش»، «ئىسلام دىنى دەرسلىرىنى ئوقۇتۇشنىڭ باسقۇچلىرى ۋە دەرسلىكلىرى»، «غەيرىي ئىسلام رايونلىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئىسلام مەدەنىيىتى تەلىم-تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش»، «ئەرەب تىلى ئوقۇتۇش پروگراممىسى»، «زامانىۋى ئەرەب تىلى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىلىرى» قاتارلىق تېمىلاردا ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى

ۋە ئەمەلىيىتى بىلىملىرىنى ئەرەب تىلى بىلەن سۆزلەپ سىستېمىلىق تونۇشتۇردى، ئوقۇغۇچىلارمۇ «ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام دىنى دەرسى ئوقۇتۇشىدىكى مەسىلىلەر» ، «ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ماھارىتى» قاتارلىق مەخسۇس تېمىلار بويىچە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور ھاجى خالىد ياڭ زۇڭشەن «ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا دائىر ئومۇمىي بايان» ، «ئىسلام دىنى دەرسلىرىدىن "ھەدىس" دەرسىنى ئوقۇتۇش» دېگەن مەخسۇس تېمىلاردا دوكلات بەردى. جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى خۇ جىجيەنمۇ ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام دىنى دەرسلىرىنى ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەسىراتلىرىنى تونۇشتۇردى.

ئۆگىنىش جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتۇشقا دائىر سىنئالغۇلارنى كۆردى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ماھارىتىنى ئىگىلەپ، ئەرەبچە ئاڭلاش ۋە سۆزلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ناھايىتى زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى ۋە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆزىگە يۈكلەنگەن تارىخىي ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ لاياقەتلىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

## تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ياش دىنىي كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمەكتە

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان پارتىيىنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياش دىنىي كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، خېلى يۇقىرى پەننىي ۋە دىنىي بىلىمگە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم دىنىي كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەپ، ھەرقايسى جايلاردا دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ تەرتىپلىك، نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا پۇختا ئاساس سالدى.

ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ياش دىنىي كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، بۇ خىزمەتكە باشچىلىق قىلىدىغان سەككىز كىشىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. 1992-يىلدىن بۇيان بۇ جەمئىيەت ۋىلايەت بويىچە دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش سىنىپى(نۇقتىسى)دىن ئىككى قارار ئېچىپ، 130 نەپەر تالىپ تەربىيىلىدى. قوشنا ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەرگە توققۇز نەپەر تالىپ تەربىيىلەپ بەردى. بۇ تالىپلار ئىككى يىل ئوقۇش جەريانىدا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى تۈزۈگەن كالېندارلىق پىلان بويىچە سىياسىي ۋە كەسپىي دەرسلەرنى تولۇق تاماملاپ، لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى.

تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلىك بىرلىك سەپ، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، يېزا-كەنتلەردىكى ھەرقايسى مەسچىتلەردە ئىمام، مۇئاۋىن ئىمام، خاتىپ، مۇئاۋىن خاتىپلىق ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلىنىپ، كەڭ جامائەتنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ۋىلايىتىمىزدىكى دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا پائال ماسلىشىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. نۆۋەتتە 3-قارارلىق تالىپ تەربىيىلەشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنمەكتە.

(شاھمەردان ئىمىنىياز)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ھەزرىتى ئەلپەتتا غوجام مازىرى

ئابدۇراخمان ئابدۇللا

ھەزرىتى ئەلپەتتا غوجام مازىرى تۇرپان شەھىرىگە قاراشلىق ئاستانە يېزىسىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭدىكى داڭلىق مازارلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. 1956-يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان يادىكارلىق» دەپ بېكىتىلگەن.

ئەلپەتتا غوجام سامانىلار دۆلىتىدىن شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلىشقا كەلگەن ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇلپەتتاھ (بەزىلەر ئوبۇلپەتتاھ دەيدۇ) بولۇپ، كېيىن «ئەلپەتتا»غا ئۆزگىرىپ قالغان. ئەلپەتتا غوجام مىلادى 948-يىللىرى ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن غازات قىلىپ ئىلى، ئاقسۇ، كۇچا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرغان. قاراخانىلار خانلىقى ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭدە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا «ئالىپ تېكىن» (قەھرىمان شاھزادە) دەپ نام بەرگەن. ئەلپەتتا غوجام قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر ئىسلام دىنىدىن چېكىنىپ بۇددا دىنىغا قايتىۋالغان.

مىلادى 970-يىلى قاراخانىلار خانى توڭگائىلىك (سۇلايمان بۇغرا) ئەلپەتتا غوجامنى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى ئۈزۈلكېسىل بويسۇندۇرۇشقا بۇيرۇغان. ئەلپەتتا غوجام ئاقسۇ، كۇچا، قارا شەھەرلەردىن ئۆتۈپ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ كەسكىن ئۇرۇشتا ئىدىقۇت خانى ئارسلانخان مەغلۇپ بولۇپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى يازلىق پايتەخت—بەشبالىققا چېكىنگەن. ئارسلانخان تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، ھەل قىلغۇچ جەڭگە تەييارلىق كۆرگەن. ئەلپەتتا غوجام قوشۇنى تاغ ئىچىگە كىرگەندە ئارسلانخان قوشۇنى يەر شارائىتى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا تۇيۇقسىز زەربە بەرگەن. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئەلپەتتا غوجام قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئەلپەتتا غوجاممۇ ۋاپات بولغان.

تۇرپان ئاستانىدىكى ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئەلپەتتا غوجامنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئاتاپ ئەلپەتتا غوجام مازىرىنى بەرپا قىلغان. بۇ يەر شۇنىڭدىن تارتىپ تەۋەررۈك جايغا ئايلىنىپ، ۋاپات بولغانلار دەپنە قىلىنىدىغان زاراتگاھ، جۈمە، ھېيت نامازلىرى ئوقۇلىدىغان جامە ۋە ھېيتگاھ بولۇپ قالغان. بۇ مازارنىڭ كۆلىمى 200 مودىن ئارتۇق بولۇپ، دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ زىچلىقى جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان مازارلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى سېغىز تۇپراق ھەم قۇرغاق بولغاچقا زاراتگاھ قىلىشقا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇڭا ھازىر جەسەتلەر يەر ئاستىغا قاراپ چوڭقۇرلاپ 4-، 5-قەۋەتلەرگە دەپنە قىلىنماقتا.

ئەلپەتتا غوجام مازىرىنى دەسلەپتە كىملەرنىڭ ياسىغانلىقى بىزگە نامەلۇم. ئەسلىدىكى مازار گۈمبەز، ئىچكى ھۇجرا، تاشقى ھۇجرا، نامازخانا، ئايۋان، لەمپە قاتارلىقلار تۇتاش ياسالغان مازار بولۇپ، ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ھەيۋەتلىك، كۆركەم ھەم سۈرلۈك بىنا ئىدى؛ 1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئىسيانچىلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىلگەن.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسەتلىرى ئىزىغا چۈشتى، خەلق 1980-يىللارنىڭ بېشىدا ئۆز ئىچىدىن مەبلەغ يىغىپ ئەلپەتتا غوجام گۈمبىزىنى قايتا ياسىدى، 1575 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، 62 تۈۋرۈكلۈك نامازخانا سالدى. 1987-يىلى ئامما يەنە مەبلەغ توپلاپ، زامانىۋى قۇرۇلۇش تېخنىكىسى بىلەن ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلگەن ئىككى قەۋەتلىك، 102 تۈۋرۈكلۈك، 1530 كۋادرات مېتىرلىق بىنا سالدى. بۇ يېڭى بىنا كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك كۆركەم ھەم چىرايلىق. ئەلپەتتا غوجام مازىرى ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ تائەت-ئىبادەت قىلىدىغان جايى بولۇپلا قالماي، يەنە ھەرقايسى زاتلارنىڭ زىيارەتگاھى بولۇپ قالدى.

**(ئاپتور: تۇرپان شەھەر ئاستانە يېزىسىدىن بولۇپ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.)**

# مەرىپەتكە ساخاۋەت

1995-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە خانئېرىق بازىرىنىڭ قامچىۋاپ كەنتىدە كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالغان خاسىيەتلىك بىر ئىش بولدى، يەنى بۇ كۈنى بۇنىڭدىن نەچچە يىللار ئىلگىرى قامچىۋاپ كەنتىدىن ھالقىپ سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تېزلا بېيىغان قۇربان ھاجىم بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ھىدايەت ھاجىم بىرلىشىپ 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان، كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان (18 مو يەرنى ئىگىلىگەن، 21 ئېغىزلىق ئۆيدىن تەركىب تاپقان) "قۇربان ھاجىم، ھىدايەت ھاجىم باشلانغۇچ مەكتىپى"نىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەش ۋە ئوقۇش باشلاش يۈزىسىدىن كەنتتە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. پىئونېرلار ۋەكىلى بۇ ئىككى مەرىپەتپەرۋەرنىڭ بويىنىغا قىزىل گالستۇك تاقىغاندا مۇراسىمغا قاتناشقان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاممىنىڭ كۆزىدىن ئىسسىق ياشلار تۆكۈلدى، چاۋاكلار ئۇزاققىچە ئۈزۈلمىدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى زىننەت ئۆمەرنىڭ قولىدىن شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان قۇربان ھاجىم بىلەن ھىدايەت ھاجىم چوڭقۇر ھاياجانلانغان ھالدا: "بىز پارتىيىنىڭ ياخشى سىياسىتىنىڭ بەرىكىتىدىن بېيىدۇق، بېيىغاندا يۇرتىمىزدىكى نامرات خەلققە، مەرىپەتكە تەشنا مىللىتىمىزگە بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى پىلانلاپ، سەبىيلەرنىڭ ئوقۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ مەكتەپنى سېلىپ بەردۇق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مائارىپقا، سەبىيلەرگە دائىم ياردەم بېرىپ تۇرىمىز" دېيىشتى.

ئۇلار دېگىنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى، مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىنمۇ مۇشۇ ئىككى يىل مابەينىدە ئۇلار ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىشلىق ئىسسىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 4000 يۈەن قىممىتىدە سەككىز توننا كۆمۈر ئاپىرىپ بەردى، 2700 يۈەن سەرپ قىلىپ، تەنتەربىيە سايمانلىرىنى تولۇقلاپ بەردى. مەكتەپ ئىگىلىكىدىكى 48 مو يەرنى تېرىش، ئوغۇتلاش ۋە باشقا چىقىملار ئۈچۈن 12 مىڭ يۈەن بەردى. ئۆتكەن يىلى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا مەكتەپتىكى 23 ئوقۇتقۇچىغا جىق سارجىدىن 5900 يۈەن قىممىتىدە بىر قۇردىن كىيىم تىكتۈرۈپ بەردى. قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا يەنە 3200 يۈەن خەجلەپ كىيىملىك رەخت، 100 دانە باشياغلىق ۋە 2000 دانە دەپتەر ياردەم قىلدى. مەكتەپتە يەنە ئوقۇتقۇچىلار ياتىقى، ئاشخانا، ئامبار قىلىشقا ئۆي يوقلۇقىدىن خەۋەر تاپقان بۇ ئىككى ساخاۋەتچى ھاجىم بۇ يىل يەنە 60 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، سەككىز ئېغىز ئۆي سېلىپ بەردى ۋە يەنە 6000 يۈەن پۇل بىلەن 30 مېتىرلىق ھويلا تام ئېتىپ بەردى.

"قۇربان ھاجىم، ھىدايەت ھاجىم باشلانغۇچ مەكتىپى"دە ھازىر 21 ئىشچى-خىزمەتچى بار. توققۇز سىنىپتا 300 نەپەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، تۆت سىنىپتا 123 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئوقۇيدۇ. يېزا تەۋەسىدىكى يەتتە كەنت، بىر مەيداندىكى دېھقان بالىلىرى يول ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، يېقىن يەردە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەچكە ئۇلارمۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ بىرمۇنچە غەم-قايغۇلاردىن خالاس بولدى.

بۇ مەرىپەتپەرۋەر ھاجىملارنىڭ ساخاۋىتى سەبىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى قەلبىدە، شۇنداقلا ئانا يۇرت ۋە خەلق ئىچىدە ئۇلۇغلۇقنىڭ ئابىدىسى بولۇپ تىكلەندى، مەرىپەتپەرۋەرلەرنىڭ نامى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆچمەيدۇ.

(ئابدۇكېرىم ئۆمەر)

www.uyghurkitap.com

# پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ باي بولغان دىنىي زات

كىشىلەر دائىم كونىشەھەر ناھىيە ئوغۇساق يېزا 1-كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمامى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ھامۇت قارىي ھاجىمنى پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ باي بولغان كىشىلەرنىڭ ئۈلگىسى دەپ تەرىپلىشىدۇ.

ھامۇت قارىي ھاجىم ئىلگىرى بۇ كەنتتىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش سىياسىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن، بولۇپمۇ يەرلەر ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ باي بولۇش يولىغا قاراپ قەدەم قويىدى. ئۇ ھەر يىلى يېزا-كەنتلەردە ئاچقان "قىشلىق پەن-تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسى"غا باشلامچىلىق بىلەن قاتنىشىپ، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگەندى. بوش ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىگە ئائىت كىتاب-ژۇرناللارنى كۆپلەپ كۆرۈپ، بۇ جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. ئۇ ناھىيە ئوتتۇرىغا قويغان "ئوندا بىر قورۇلۇش"قا ئاكتىپ قاتنىشىپ، پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، كىرىمىنى ئاشۇردى. 1996-يىلى 13 مو يەرگە ئىلمىي ئۇسۇلدا بۇغداي تېرىپ، 6000 جىڭ ئاشلىق ئالدى. سەككىز مو يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىپ، 10 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. بۇلتۇر يەنە ئۆز ئورنىنىڭ تەبىئىي شارائىتىدىن پايدىلىنىپ 15 مو بىنەم يەر ئېچىپ، شال مايسىسى كۆچۈرۈپ، تۈجۈپىلەپ پەرۋىش قىلىپ، تېخنىكا تەلىپى بويىچە باشقۇرۇپ، ئۇنىڭدىن شۇ يىلىلا 12 مىڭ جىڭ گۈرۈچ ئالدى. ئۇ يەنە ھويلا-ئارام ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ھەر خىل قوشۇمچە كەسىپلەرنى يولغا قويۇپ ئۈنۈمىنى كۆردى. چارۋىچىلىق ۋە بورداقچىلىق كەسىپىنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ يىل چارۋىنىڭ قوتاندىكى سانىنى 98 تۇياققا يەتكۈزدى. بىر قىسىم چارۋىلارنى تاۋار چارۋىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئائىلە كىرىمىنى ئاشۇردى. 96-يىلى ئائىلىنىڭ كىرىمىنى 35 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، نوپۇسقا 3000 يۈەن كەلتۈرۈپ، يېزىدىكى ئالدىن باي بولغان كىشىلەر ئۈلگىسى بولۇپ قالدى.

ھامۇت قارىي ھاجىم باي بولغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەر ۋە يۇرتىنىڭ جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. 96-يىلدىن بېرى مەھەللىدىكى قىيىنچىلىقى بار سەككىز ئائىلىگە 3000 جىڭ ئاشلىق، 4500 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. ئۇ يەنە مەھەللىۋى گۇرۇپپىدىكى ئاممىنىڭ توك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن 4000 يۈەن پۇل چىقىم قىلىپ، توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

ھامۇت قارىي ھاجىم يەنە ئۆزى ئىماملىق قىلىۋاتقان مەسچىتتە پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەپ ھەمدە ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولۇش، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا قىلىش، ياشلار ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇش توغرۇلۇق تەپسىر، تەبلىغ قىلىپ، كەنت تەۋەسىدە ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ھاسىل قىلدى. يولدىن ئازغان تۆت نەپەر ياش ھامۇت قارىي ھاجىمنىڭ تەربىيىسى، يېتەكلىشى بىلەن توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، باي بولۇش يولىغا قەدەم قويىدى. ھامۇت قارىي ھاجىم ھەر يىلى يېزا، ناھىيە، ۋىلايەت تەرىپىدىن "بەشتە ياخشى دىنىي زات"، "ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولغان دىنىي زات"، "پەن-تېخنىكا ماھىرى" دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)

# ئىسلام دۇنياسىدىكى غەربلىشىش مەسىلىسى

مۇسا

ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىدىكى بىرمۇنچە ئالىملار ھازىر غەربنىڭ چىرىك ئىدىيىسى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا سىڭىپ كىرىشى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ دەپ ھېسابلاۋاتىدۇ. ھەتتا ئۇلاردىن بەزىلىرى 21-ئەسىردىكى ئىسلام دۇنياسى غەربنىڭ چىرىك ئىدىيىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن ئومۇميۈزلۈك غەربلىشىش دولقۇنىغا يولۇقىدۇ، دەپ قارىماقتا. ھازىر غەرب ئەللىرىدىكى بەزى ئورگانلار ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى يۇقىرى قاتلام زاتلار ئۆزلىرىنىڭ زامانىۋى خەۋەر-ئالاقە ئەسۋابلىرى ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلام دىنى بىلەن قىلچە سىغىشالمايدىغان ئىجتىمائىي ئادەتلىرى، تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ۋە ئىدىيىلىرىنى ئىسلام دۇنياسىغا تارقىتىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى، بولۇپمۇ ياشلارنى غەربنىڭ تۇرمۇش ئەندىزىسى ۋە ئادىتى بويىچە ياشايدىغان قىلىش، ئاخىرى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈش كويىدا بولۇشتىن ئىبارەت. ئۇنداقتا، ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلار بۇنداق غەرب مەدەنىيىتى ئېقىمىنىڭ چىرىتىشىگە قارىتا قانداق مۇداپىئە كۆرۈشى ۋە تاقابىل تۇرۇشى كېرەك؟ ئالىملارنىڭ جاۋابى شۇكى، ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلىتىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىش-ھەرىكەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ئىنسانلارنى تىنچ-خاتىرجەملىكتە مۇۋەپپەق قىلىدىغان مەنىۋى ئوزۇق، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى تەلەپلىرىنى تەكپۈكلۈق دەرىجىسىگە تەگشەش ئارقىلىق بەخت-سائادەتلىك، تىنچ-خاتىرجەم، ئىناقلىق ۋە ئەمىنلىكتە چۆمگەن بىر خىل تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىدىغان دىن. ئەگەر مۇسۇلمانلار مۇشۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتەلىسە، غەربنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى غەربچىلەشتۈرۈشىگە تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن تاقابىل تۇرۇپ، زىيانلىق ئامىلنى پايدىلىق ئامىلغا ئايلاندۇرالايدۇ:

بىرىنچىدىن، تەلىم-تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنى جەھەتتىكى ئاساسىي تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىشى، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق-پەزىلەت مىزانى جەھەتتىكى تەربىيىنى يولغا قويۇشى، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرگە تەربىيە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا چوقۇم ياخشى ئۈلگە كۆرسىتىشى لازىم. «قۇرئان كەرىم»دە "ئاللانىڭ ئەلچىسى ئەڭ ياخشى ئۈلگىلەر" دېيىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغ بىر ئۇستاز، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: "ئاللا، پەرىشتىلەر ۋە ئاسمان-زېمىندىكى جىمى كائىنات، ھەتتا ئۇۋۇسىدىكى چۈمۈلە، دېڭىزدىكى كىتلارمۇ ئىنسانلار ئۇستازىنىڭ خەير-سائادىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ".

ئىككىنچىدىن، زامانىۋى خەۋەر-ئالاقە ۋە تەشۋىقات قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، مەسىلەن، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىگە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ئەقىدىلىرىنى ۋە ئەخلاق-پەزىلەت پرىنسىپلىرىنى تونۇشتۇرۇش، ھەر خىل ئۇسۇل-چارىلەر بىلەن مەقسەتلىك ھالدا، دۇنيادىكى كىشىلەرگە ئىسلام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئاھالىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

مۇسا

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە بەزى خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ھازىر پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى 1 مىليارد 300 مىليونغا يەتكەن بولۇپ، ئۇلار 46 ئىسلام دۆلىتى ۋە 90 غەيرىي ئىسلام دۆلىتىگە تارقالغان. مەزكۇر دوكلاتتا مۆلچەرلىنىشىچە، 2000–يىلغا بارغاندا، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ سانى 1 مىليارد 600 مىليونغا يېتىپ، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ 27 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئاھالىسى دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 46 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاسىيا رايونىدىكى غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئاھالىسى 330 مىليون، ئافرىقىدىكىلەر 110 مىليون، ياۋروپا ۋە جەنۇبىي–شىمالىي ئامېرىكىدا بولسا مۇسۇلمانلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمانلاردىن باشقا،

---

دىنىنىڭ ھەقىقىي ۋە چىن مەنىسىنى بايان قىلىش كېرەك، بۇمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللانىڭ تەلىمى بويىچە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ھەققەتنى نامايان قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، دۇنيادىكى كىشىلەر ئىسلام دىنىنى تەدرىجىي تونۇپ ۋە چۈشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى توغرىلاپ، غەربنىڭ ئىدىيىۋى بىر تەرەپلىمىلىكلىرىدىن ساقىت بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىش–ھەرىكىتىنى ئۇيغۇشاش بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق–پەزىلەت قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈرەلەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، غەربلىكلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاشلىرىغا قارىتا، يوللۇق، چەكلىك ھالدا رەددىيە جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك. ھازىر غەرب دۇنياسى ھەر خىل ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاۋاتىدۇ ھەم قارىلاۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس–شەرىپ»تىكى دەلىل–ئىسپاتلار ئارقىلىق ئۇلارغا نىمىنىڭ ھەقىقەت، نىمىنىڭ سەپسەتە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلىپ بېرىشى كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، پەقەت مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ئىسلام دىنىنى ھەقىقىي تونۇپ، چىڭ ئىگىلىسە، ئۇنىڭ يېتەكچى روھى بويىچە ئىش قىلسا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا بولغان ئىسلام تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بەرسە، ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى تەشۋىق قىلسىلا ئىسلام دىنى بۇرمىلىنالمايدۇ، ئىسلام دۇنياسى غەربلىشىپ كېتەلمەيدۇ. ھەقىقەت چوقۇم سەپسەتە ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، يورۇقلۇق چوقۇم قاراڭغۇ–زۇلمەت ۋە تۇماننى سۈرۈپ تاشلايدۇ.

بىراق، شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىسلام دۇنياسىمۇ غەرب ئەللىرىنىڭ نەرسىلىرىگە قارىتا ئوبيېكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇشى، غەربنىڭ ئىلغار پەن–تېخنىكا ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىدىن ئىسلام ئەللىرىگە پايدىلىقلىرى بولسا، ئۇنى رەت قىلمايلا قالماستىن، بەلكى زور كۈچ بىلەن كىرگۈزۈپ، ھەزىم قىلىپ ۋە سىڭدۈرۈپ، ئۇ ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ھەم روناق تاپقۇزۇش كېرەك.

ياۋروپادا ئاران 30 مىليون مۇسۇلمان بار، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولسا 75 مىليون مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 25 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئاۋستىرالىيەدە 500 مىڭ مۇسۇلمان بولۇپ، مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 12 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ سانى 20 مىليوندىن ئاشقان بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 1.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. فىلىپپىندىكى مۇسۇلمانلار 8 مىليون بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 12 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ غەيرىي ئىسلام ئەللىرى ئىچىدە مۇسۇلمانلار ئەڭ كۆپ دۆلەت ھىندىستان، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار 120 مىليونغا يەتكەن بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 15 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ سىرىلانكا مۇسۇلمانلىرى بۇ دۆلەتتىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ بىرما مۇسۇلمانلىرى 8 مىليون بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 17 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ سىنگاپور مۇسۇلمانلىرى 550 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ كامبودژا مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ۋېيتنام مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ كورىيە مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ئاران 0.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ياپونىيەدە بولسا ئاران 70 مىڭ مۇسۇلمان بار.

ئافرىقىدىكى ئېفىئوپىيەدە 20 مىليون مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 35 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ كوتدىۋا مۇسۇلمانلىرى ئۇ يەردىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ زايىر مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ رۋاندا مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ كونگو مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئانگولا مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 15 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ جەنۇبىي ئافرىقا ئەللىرى ئىچىدە، مۇسۇلمانلار سۋېزىلاندتا 3 پىرسەنتىنى، بوتسۋانادا 4 پىرسەنتىنى، جەنۇبىي ئافرىقا دۆلىتىدە 2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ياۋروپادا مۇسۇلمانلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى مۇنداق: ئىسپانىيەدە مۇسۇلمانلار ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 500 مىڭغا يەتكەن؛ پورتۇگالىيەدە 125 مىڭ مۇسۇلمان بار؛ فرانسىيە مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 4.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئەنگلىيە مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ بىلگىيە مۇسۇلمانلىرى 400 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ گېرمانىيە مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئىتالىيە مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 12 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ رومىنىيە مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 1.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇلغارىيە مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 16 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ گرېتسىيە مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 2.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ مالتا مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 11 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ نورۋېگىيە مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ئاران 0.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ شۋېتسارىيە مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 1.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

جەنۇبىي-شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى ۋە كارىب دېڭىز رايونىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇ يەرلەردىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ئاران بىر پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ھەتتا بىر پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ.

يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن ئايانكى، ھازىر غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئاھالىسى 500 مىليونغا يەتكەن، نۇرغۇن ئەللەردە مۇسۇلمانلار سانى داۋاملىق كۆپەيمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قاھىرە سەپىرى

## ——— 4-نۆۋەتلىك خەلقئارا قىرائەت مۇسابىقىسىدىن خاتىرە

ما ۋېنجۇن

مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئەزىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ۋە قوزغاش، «قۇرئان كەرىم»نى ئاجايىپ چىرايلىق قىرائەت قىلىش سەنئىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مىسىر دىنىي ئىشلار فوندى مىنىستىرلىكى 1997-يىل 1-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 2-ئاينىڭ 4-كۈنىگىچە (رامىزان ئېيىدا) پايتەخت قاھىرەدە 4-نۆۋەتلىك خەلقئارا قىرائەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى.

مىسىر دىنىي ئىشلار فوندى مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن بىز ئۈچەيلەن 1-ئاينىڭ 22-كۈنى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ قاھىرەگە بېرىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ۋەكىل بولۇپ، مۇسابىقىگە قاتناشتۇق. مۇسابىقىنىڭ كۈتۈۋېلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتكەن مەخسۇس ئادەملەر يىراقتىن كەلگەن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ قارىيلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئايرودرومدا كېچە-كۈندۈز ساقلاپ تۇرىدىكەن. بىزنى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار سارىيىغا يېقىن "برونېۋىك مېھمانخانىسى"غا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ داغدۇغىلىق مۇسابىقىگە 80 نەچچە مەملىكەت ۋە رايوندىن كەلگەن 300گە يېقىن قارىي قاتناشتى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئون نەچچە نەپەر چەت ئەللىك باھالاش ھەيئىتىمۇ بار. پۈتكۈل مۇسابىقە ھەم سۈرلۈك ۋە ئەستايىدىل، ھەم مول ۋە مەزمۇنلۇق ئۆتتى.

مۇسابىقە تۆۋەندىكى تەلەپلەر بويىچە بەش گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلدى: بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر ھاپىزلار (يەنى «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق قىرائەت قىلالايدىغانلار) ھەممە ئۇنىڭ بىر پارىسىنى تەپسىرلىيەلەيدىغانلار؛ ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر ھاپىزلار؛ ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر نىسپىي قارىيلار (يەنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ يېرىمىنى قىرائەت قىلالايدىغانلار) ؛ تۆتىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى جاراڭلىق، چىرايلىق ۋە تەسىرلىك قىرائەت قىلالايدىغانلار؛ بەشىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۈچ پارىسىنى قىرائەت قىلالايدىغانلار بولۇپ، ئۇلار، ئاساسەن، ئەرەب تىلى ئىشلەتمەيدىغان مەملىكەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن قارىيلارنى نىشان قىلغان.

ھەربىر گۇرۇپپىدا تۆتتىن بەشكىچە ئەزادىن تەركىب تاپقان باھالاش ھەيئىتى بولۇپ، قارىيلارنى بىر-بىرلەپ يېپىق باھالاپ چىقىشقا مەسئۇل. قىرائەت مەزمۇنىنى ھەيئەتلەر بەلگىلەيدۇ، ئۇلار قىرائەت مەزمۇنىنىڭ باش ئايىتىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، قارىي ئۇلاپ ئوقۇپ كېتىدۇ، ۋاقتى تەخمىنەن 15 مىنۇت. قىرائەت بىر قېتىملا

قېلىنىدۇ، قارىينىڭ نەتىجىسىنىڭ ياخشى-ناچارلىقى، ئاساسەن، ئۇنىڭ قىرائەت قىلىشتىكى پىششىقلىق دەرىجىسىگە، تەلەپپۇزىنىڭ ئۆلچەملىك بولۇش-بولماسلىقىغا، تەجۋىد قائىدىلىرىنىڭ قېلىپلاشقان-قېلىپلاشمىغان بولۇشىغا، ئاۋازىنىڭ چىرايلىق، راۋان بولۇش-بولماسلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

بۇ قېتىمقى داغدۇغىلىق مۇسابىقىگە مىسىر ھۆكۈمىتى يۇقىرى ئېتىبار بەردى. ئىززەتلىك "قەدىر" كېچىسى ئۆتكۈزۈلگەندە مىسىرنىڭ زۇڭتۇڭى مۇبارەك، زۇڭلىسى جەنزۇرى، ئەزھەرنىڭ بېگى شەيخى، دىنىي داھىي تانتاۋى، شۇنىڭدەك دىنىي ئىشلار فوندى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى زەقزۇق قاتارلىق رەھبەرلەر قەدەم تەشرىپ قىلىپ، بۇ يەردە بورۇنلا كېلىپ كۈتۈپ تۇرغان مۇسابىقە قاتناشچىلىرى ۋە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن تەكلىپ قىلىنغان قىرائەتشۇناسلىق مۇتەخەسسىسلىرى ھەممە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن قاھىرەگە ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن بىر تۈركۈم مۇسۇلمان قىز ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە داغدۇغىلىق خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ، بۇ قەدىرلىك كېچىنى بىللە ئۆتكۈزدى. ئاخىردا، مۇبارەك زۇڭتۇڭ مۇسابىقىدە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكۈچىلەرگە ئۆز قولى بىلەن مۇكاپات تارقاتتى ھەممە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ئىچىدە نۇتۇق سۆزلىدى.

قىسقىغىنا ئون نەچچە كۈن ئىچىدە، قاھىرە بىزدە ياخشى، ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇردى. مۇسابىقىدىن باشقا ۋاقىتلاردا، بىز دەشت-باياۋاندىكى ئاجايىپ كۆركەم ئەل ئېھرام مۇنارلىرىنى، ئادەمباش-شىرتەنىنىڭ ھەيكەللىرىنى ساياھەت قىلدۇق، قەدىمكى يادىكارلىق سالاھىددىن قەلئەسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بىز قەدىمىي مىسىر مەدەنىيىتى زېمىنىدا ئىسلام مەدەنىيىتى مەنبەسىدىن ھۇزۇر ئېلىپ، نۇرغۇن تەسىرات ۋە ئۇنۇم ھاسىل قىلدۇق. بولۇپمۇ بىزنىڭ بۇ مۇنەۋۋەر قارىيلار بىلەن ئۇچرىشىشىمىزغا پۇرسەت چىقىپ، ئۇلار بىلەن سەمىمىي ئەھۋاللاشتۇق. ماھارەت ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىشتۇق. بۇ بىزدەك ئالغا ئىلگىرىلەش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان جۇڭگو قارىيلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شەك-شۈبھىسىزكى، قىيىندا قولغا كېلىدىغان ئۆگىنىش پۇرسىتى بولدى. گەرچە ئۆزىمىزنى بۇ خەلقئارالىق مۇنەۋۋەر قارىيلارغا سېلىشتۇرغاندا، پەرقىمىز ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىر سىزىقتا تۇرۇپ مۇسابىقىلىشەلمىسەكمۇ، لېكىن بىزنىڭ ئىرىشچانلىقىمىزنى بۇ قېتىمقى مۇسابىقە تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى ۋە ئىلھاملاندۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ كېلەچىكىگە تېخىمۇ تولۇق ئىشەنچ ۋە ئۈمىد باغلىدۇق. نۇرغۇن مەملىكەتلەر قىرائەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل چىمەنزارلىقتا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن بىر پاكىز جاي تەييارلاپ بېرىشنى ئۇنتۇماي، بىزنى مۇشۇ پاك جايدا تىرمىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئاللانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە مىڭ رەھمەت! ئىنشائاللا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ھارماي غەمخورلۇق قىلىپ يېتىشتۈرۈشى ئارقىسىدا ئىشىنىمىزكى، ئۇزاقتا قالماي قىرائەت سەنئىتىنىڭ چېچىكى ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغ زېمىنىدا پۈرەكلەپ ئېچىلىپ، ھەممە جاي خۇش پۇراقلىققا تولغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ 9-نۆۋەتلىك مەجلىسىگە قاتناشتى

لوقمان ما شەنيى

ئەرەب مىسىر جۇمھۇرىيىتى دىنىي ئىشلار فوندى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى دوكتور مۇھەممەد هامىد زەقزۇقنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپى لوقمان ما شەنيى مىسىرغا بېرىپ، 7-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 16-كۈنىگىچە قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ 9-نۆۋەتلىك مەجلىسىگە قاتناشتى. بۇ قېتىمقى مەجلىس مىسىر زۇڭتۇڭى مۇبارەكنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئېچىلغان. ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ پەخرىي رەئىسى، مىسىرنىڭ ئەزىم ئىمامى، ئەزھەر شەيخى دوكتور مۇھەممەد سەئىد تانتاۋى، مىسىرنىڭ دىنىي ئىشلار ۋەزىرى، كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور ئابدۇسەبۇر مەرزۇق قاتارلىقلار مەجلىسكە ئىشتىراك قىلدى.

مەجلىسنىڭ مۇھاكىمە تېمىسى: «ئىسلام دىنى ۋە غەرب—ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى» بولۇپ، ئاساسلىقى «ئىسلام دىنى غەيرىي ئىسلام ۋەھيى دىنلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش» دېگەن تېما مۇھاكىمە قىلىندى. مەجلىس شۇنداق دەپ قارايدۇكى، ۋەھيى دىنلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق ۋەزىپە بار، شۇڭا، ھەرقايسى دىنلارنىڭ پەرقلىق تەرەپلىرى خەلق ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھەمكارلىققا توسالغۇ بولالمايدۇ. ھەر خىل مەدەنىيەتنىڭ بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىشى ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھەمكارلىق بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دەۋرنىڭ زۆرۈرىيىتى. سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتىن مەقسەت بارلىق چۈشەنمەسلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئۆزئارا سەمىمىي ھەمكارلىق ئورنىتىشتىن ئىبارەت.

مەجلىسكە 70دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 200دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 18 ئەرەب دۆلىتى، 12 ئافرىقا دۆلىتى، 13 ئاسىيا دۆلىتى، 22 ياۋروپا دۆلىتى ۋەكىللىرى بار، ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ئاۋستىرالىيە قىتئەسىدىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بار. مەجلىسكە 25 نەپەر دىنىي ئىشلار ۋەزىرى، ئىسلام ئەللىرىدىن 15 نەپەر دۆلەت مۇپتىسى قاتناشتى. ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى، ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتى، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى، ئىسلام مائارىپى، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى، دۇنيا ئىسلام دىنى ۋە قۇتقۇزۇش كېڭىشىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىمۇ مەجلىسكە ئىشتىراك قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، گرېك ئورتودوكسىيە دىنى، كاتولىك دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ۋاتىكان ۋەكىللىرىمۇ تەكلىپكە بىنائەن مەجلىسكە قاتناشتى.

مەجلىس 7-ئاينىڭ 13-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قۇرئان تىلاۋەت بىلەن باشلاندى. مىسىرنىڭ دىنىي ئىشلار فوندى مىنىستىرى دوكتور مۇھەممەد مەجلىستە مۇبارەك زۇڭتۇڭنىڭ تەبرىك سۆزىنى ئوقۇپ ئۆتتى. مەجلىس مەزگىلىدە چوڭ يىغىندا بېرىلگەن دوكلاتتىن باشقا، ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە مەركەزلىك مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى ۋە پىكىر بايان قىلىندى: (1) تارىخىي ئامىللار نۇقتىسىدىن، ئىسلام دىنى بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە بايان؛ (2) ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان غەيرىي مۇسۇلمانلارغا بولغان مەۋقەسى، غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئۇ يەردە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارغا بولغان مەۋقەسى؛ (3) بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە مۇسۇلمانلار بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنى قانداق كۈچەيتىش كېرەك. 7-ئاينىڭ 16-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەجلىسنىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ «ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشى 9-نۆۋەتلىك (ئاخىرى 27-بەتتە)

# ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇش

ۋاڭ گىنمىڭ

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى (جامىئەل ئەزھەر)
مىلادى 972-يىلى فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ سەر-
كەردىسى جەۋھەر سالدۇرغان قاھىرە جامەسى ئاسا-
سىدا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ
قىزى بۈۋى فاتىمە زەھرەنى خاتىرىلەش ئۈچۈن
نامى "ئەزھەر"گە ئۆزگەرتىلىپ، تەدرىجىي تەرەق-
قىي قىلىپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن ئۇنىۋېرسال
ئۇنىۋېرسىتېت.

مەن 1994-يىلى 11-ئايدا جۇڭگو ئىسلام
جەمئىيىتى ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا
بۇ يەرگە كېلىپ، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ چەت
ئەللىك ئوقۇغۇچىلار سارىيىغا چۈشتۈم. بۇ چەت
ئەللىك ئوقۇغۇچىلار سارىيى، ھەقىقەتەن، ئىسمى
جىسمىغا لايىق ساراي ئىكەن. سارايدا 34
ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى بولۇپ، 120 دۆلەتتىن
كەلگەن 2500دىن ئارتۇق چەت ئەللىك ئوقۇغۇ-
چىلار ياتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا، ئەنگ-
لىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، روسىيە ۋە ئافرىقا ئەلل-
رىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بار ئىكەن؛ رەڭگى-
روييىدىن قارىغاندا، سېرىق تەنلىك، ئاق تەنلىك،
قارا تەنلىك ۋە قوڭۇر تەنلىكلەرمۇ بار ئىكەن؛
ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرىمۇ رەڭگارەڭ بولۇپ، بەزىلە-
رى ئۇزۇن كۆڭلەك، بەزىلىرى قىسقا شىم، بەزىلە-
رى جىلتكە كىيىۋالىدىكەن، بەزىلىرى ئۇچىسىغا
يۆگىمەك يۆگىۋالىدىكەن. بۇ سارايدا تۇرىدىغانلار-
نىڭ ھەممىسى ئەرلەر بولۇپ، قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ
بۇ يەرگە كىرىشى مەنئى قىلىنىدىكەن.

بۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار دەرس ئۆتكەن ۋاق-
تىدىلا مەكتەپكە بارىدىكەن، دەرستىن سىرتقى پا-
ئالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ساراي ئىچىدە ئې-
لىپ بېرىلىدىكەن. سارايىنىڭ ئىچىدە مەسچىت،
مۇنچا، ماگىزىن، كۇتۇپخانا، پوچتا-تېلېگراف، ئاش-
پۇزۇل، گېزىت-ژۇرنال كۆرۈش بۆلۈمى، سىنئالغۇ
قويۇش بۆلۈمى قاتارلىق ھەر خىل پائالىيەت مەر-
كەزلىرى تەل ئىكەن. سارايىنىڭ ئىچى بەش باشقۇ-
رۇش رايونىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، باشقۇرۇش رايونى
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق، تاماق قاتارلىق خوجىلىق
ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىكەن، ھەربىر رايوندا بىر-
دىن ئوپچە (ئاممۇۋى) ئاشخانا بار بولۇپ، ئوقۇ-
غۇچىلارنى ھەر قېتىمقى تاماقتا پولو، توخۇ گۆشى،
سوغۇق سەي ۋە مېۋە-چېۋە قاتارلىقلار بىلەن
تەمىنلەيدىكەن.

چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار بىر ئادەم بىردىن
ياتاقتا تۇرىدىكەن، ياتاقتا كارىۋات، كىيىم ئىشكابى،
ئۈستەل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىكەن.
تاماق، ياتاق راسخوتىنى پۈتۈنلەي مەكتەپ كۆتۈ-
رىدىكەن، ساراي دەرۋازىسىدا ساقچىلار پوستا تۇر-
دىكەن، ساراي ئىچىدە ھەر خىل مەدەنىيەت-كۆ-
ڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولۇپ تۇرىدىكەن. ھەر
خىل توپ مۇسابىقىلىرى، لېكسىيىلەر، بىرلەشمە
دوستلۇق يىغىلىشلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن،
ئوقۇغۇچىلارنى ھەقسىز تەشكىللەپ، مەنزىرىلىك
جايلار ۋە ئاسارئەتىقىلەرنى سەيلە-ساياھەت قىلدۇ-
رىدىكەن، ھەر خىل ھەقسىز ئۆگىنىش سىنىپلىرى،
مەسىلەن، ھۆسن خەت، سۇرەتكە تارتىش، ئىنگ-
لىزچە ئۆگىنىش سىنىپلىرىنى ئېچىپ بېرىدىكەن،

ئۇيغۇر كىتاب توربېتى www.uyghurkitap.com



كىتاب-ژۇرنال كۆرگەزمىسى، مەدەنىيەت بايرىمى، ماقالە يېزىش ۋە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرمۇ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇرىدىكەن.

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخى ئۇزاق، كۆلىمى چوڭ بولۇپ، قۇرۇلغىنىغا 1020 نەچچە يىل بولغان، هازىر مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 150 مىڭدىن ئاشىدىكەن، ئۇنىۋېرسىتېت 49 ئىنستىتۇتقا بۆلۈنگەن بولۇپ، قاھىرە، ئىسكەندەرىيە، ئاسۋان قاتارلىق ئۆلكىلەرگە جايلاشقان، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 20 مىڭدىن ئاشىدىكەن. ئۇنىۋېرسىتېت قارمىقىدا دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ، قىرائەت مەكتىپى قاتارلىقلار 1100 دىن ئارتۇق بولۇپ، بىر مىليوندىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى، 120 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىسى بار ئىكەن، دارىلمۇئەللىمىن، قىرائەت مەكتىپى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىدا 20 مىڭدەك چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىكەن. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى دوختۇرخانا، دېھقانچىلىق مەيدانى، تەتقىقات يۇرتلىرى، پاراۋانلىق ئورگانلىرى قاتارلىقلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەۋە مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە، ھەقسىز مەجبۇرىي مائارىپ يولغا قويۇلغان، ئوغۇل-قىزلارنىڭ مەكتەپلىرى ئايرىم-ئايرىم تەسىس قىلىنغان، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلىسىدە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ تەرىپىدىن تاماق، ياتاق، ئوقۇش مۇكاپات پۇلى، ئوقۇشقا ياردەم پۇلى قاتارلىقلار بېرىلىدىكەن.

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىي باشقۇرۇش ئورگىنى ئەزھەر كومىتېتى بولۇپ، ئابرويلۇق، ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە ئىلىم-پەندە نوپۇزلۇق بىر ئالىم دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ئەزھەر شەيخى (مۇئاۋىن زۇڭلى دەرىجىلىك) لىككە سايلىنىدىكەن. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بارلىق ئوقۇتۇش، ئومۇمىي پاراۋانلىق ۋە خارجى ئىشلىرى يۈكسەك دەرىجىدە مۇستەقىل بولۇپ، مىسىر مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا كىرمەيدىكەن. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى (مىنىستىر دەرىجىلىك) ئەزھەر كومىتېتىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، زۇڭتۇڭ تەرىپىدىن تەيىنلىنىدىكەن. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى دائىم مىسىر جۇمھۇرىيىتىگە ۋاكالىتەن چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالايدىكەن ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىدىكەن. چەت ئەللەرگە ئالىملارنى ئەۋەتىدىكەن ۋە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدىكەن.

مىسىرلىقلار قىزغىن، ئوچۇق كۆڭۈل بولۇپ، گەپ-سۆزگە ئۇستا ۋە ئالاقىلىشىشقا ماھىر كېلىدىكەن، مەن ھەر قېتىم بىرەر ئىش بىلەن سىرتقا چىققىنىمدا، نۇرغۇن مىسىرلىقلار ئۈزۈلۈكسىز يېنىمغا كېلىپ، قايسى دۆلەتتىن كەلگىنىمنى سورىشىپ كېتىدۇ، مەن ئۆزەمنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمنى دەپ بەرگەندە، ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ، مېنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ، چايغا تەكلىپ قىلىدۇ، ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىدۇ، ئاندىن جۇڭگونىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى سورىشىپ كېتىدۇ. چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار سارىيىدىكى ھەرقايسى ئەللەر ئوقۇغۇچىلىرىمۇ جۇڭگوغا تەلپۈنىدىكەن ۋە ئاپىرىن ئوقۇيدىكەن، مېنىڭ ياتىقىمدىمۇ دائىم ئادەم ئۈزۈلمەيدۇ، ئۇلاردىن بەزىلىرى مەندىن جۇڭگوغا دائىر كىتاب-ژۇرنال، رەسىملىك ژۇرنال ۋە ماتېرىيال ئارىيەت ئالىدۇ، بەزىلىرى مەندىن جۇڭگونىڭ سەيلە-ساياھەت ۋە سودا-تىجارەت ئەھۋاللىرىنى سورىشىدۇ، بەزىلىرى كىرىپ ماڭا كىچىك سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىشىدۇ، بەزىلىرى مەن بىلەن ماركا، تەڭگە پۇللارنى ئالماشتۇرۇشىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا، مەندىن خەنزۇچە ئۆگىنىدۇ. مەن مىسىردا ئۆگىنىش جەريانىدا، نۇرغۇن چەت ئەللىك دوستلارنىڭ جۇڭگوغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىنى ھېس قىلىپ، جۇڭگولۇق بولغىنىمغا ئىپتىخارلاندىم ۋە مەغرۇرلاندىم.

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇبېي ئاخۇن ئۆمەك باشلىقى، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان، يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى شياڭگاڭ جۇڭخۇا ئىسلام دىنى مېھىر-شەپقەت ئۇيۇشمىسى، شياڭگاڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە شياڭگاڭ ئىسلام بىرلەشمىسىنىڭ ئايرىم-ئايرىم ئەۋەتكەن تەكلىپىگە بىنائەن، 1997-يىل 7-ئاينىڭ 31-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 4-كۈنىگىچە شياڭگاڭدا، ئاۋمېن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 8-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 7-كۈنىگىچە ئاۋمېندا زىيارەتتە بولدى.

بۇ شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى ئۆمەك بولۇپ، ئۆمەكتىكىلەر شياڭگاڭدا زىيارەت قىلىش جەريانىدا، شياڭگاڭدىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى مەسئۇللىرى بىلەن قىزغىن ۋە سەممىي كەيپىيات ئىچىدە سۆھبەتلەشتى، سۆھبەتتە ھەر ئىككى تەرەپ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى ھەم ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىشتى، شۇنداقلا ئىچكىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن شياڭگاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئالاقە ۋە بېرىش-كېلىشنى كۈچەيتىش، ئىسلام مائارىپى ۋە دىنىي پائالىيەتلەر جەھەتتە ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى. ئۆمەكتىكىلەر شياڭگاڭ ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شياڭگاڭدىكى مەسچىتلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە جيۇلۇڭ مەسچىتىدە 2000دىن ئارتۇق مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە جۈمە نامىزى ئۆتەندى.

ئاۋمېن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى شى يېڭۇ ئەپەندى ئۆزى شەخسەن شياڭگاڭغا بېرىپ، ئۆمەكتىكىلەرنى ئاۋمېنغا باشلاپ كەلدى. ئاۋمېندا مۇسۇلمانلار ئاز بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەقەت كىچىككىنە بىر مەسچىتى بار ئىكەن، ئۆمەكتىكىلەر بۇ مەسچىتتە ناماز ئۆتەندى ۋە ئاۋمېن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. شى يېڭۇ ئەپەندى ئاۋمېندا چوڭراق بىر مەسچىت ۋە بىر ئىسلام مەدەنىيىتى مەركىزى قۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ۋە بۇ يېڭى مەسچىت بىلەن مەركەزنىڭ رەڭلىك چىرتيوژىنى كۆرسەتتى.

شياڭگاڭ، ئاۋمېندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى، كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىشى، قىزغىن كۈتۈۋېلىشى ھەمدە شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ شياڭگاڭ شۆبىسى بىلەن ئاۋمېن شۆبىسىنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى نەتىجىسىدە، ئۆمىكىمىز ئۆز زىيارىتىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، 8-ئاينىڭ 7-كۈنى قايتىپ كەلدى.

(ھاجى مەھمۇدى)

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com



# مەملىكەتلىك 2-نۆۋەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى كېلەر يىل ئۆتكۈزۈلىدۇ

مەملىكىتىمىزدە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى نورمال قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ... ئۇلارغا ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش، مۇھاكىمە قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1998-يىلىنىڭ 2-پەسلىدە مەملىكەتلىك 2-نۆۋەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

بۇ مۇسابىقىغە 50 ياشتىن تۆۋەن، ھازىر ئاخۇنلۇق قىلىۋاتقان ياكى دىنىي ئىشلار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دىنىي خادىملار قاتنىشىدۇ.

ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنى:

1. ئىسلام ئەقىدىلىرى (ئىسلام پەلسەپىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛

2. ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى (ۋەتەننى سۆيۈش؛ ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەت؛ بۇ دۇنيالىققا ئەھمىيەت بېرىش؛ تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش؛ تىنچلىقنى سۆيۈش ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش؛ ھەققانىيەتنى تەشەببۇس قىلىش؛ ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق؛ پاكلىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇش؛ سەمىمىيلىك ۋە ئادىللىق؛ ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇش؛ چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئاسراش؛ ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىش؛ بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش؛ دانىشمەنلەرنى ئىززەتلەش؛ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش؛ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ مېھىر-شەپقەتلىكنى تەشەببۇس قىلىش؛ قۇتقۇزۇش ۋە سەدىقە؛ باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش؛ نامراتلارنى يۆلەپ، مېيىپ-مىسكىنلەرگە يار-يۆلەكتە بولۇش؛ ئەمگەكنى سۆيۈش، تازىلىققا رىئايە قىلىش قاتارلىقلار)؛

3. شەرىئەت قائىدە-نىزاملىرى (ئىسلام دىنىدىكى بەش رۇكۇنغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر ۋە بەش رۇكۇنغا بەجا كەلتۈرۈشكە دائىر تۈرلۈك شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى، ئىسلام دىنىنىڭ يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى تەقىپ تۈزۈمى، نىكاھ تۈزۈمى، دەپنە تۈزۈمى، ئىجتىمائىي ئالاقە رەسمىيەتلىرى، دۆلەت قانۇنىغا ئەمەل قىلىش قاتارلىقلار)؛

4. ئىسلام دىنى تارىخى، ئىسلام دىنى ھېيت-ئايەملىرى؛

مۇسابىقىغە قاتناشقۇچىلار يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن مەلۇم بىر نۇقتىنى تاللاپ، «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىپ» ۋە تەپسىرلەردىن تولۇق دەلىل نەقىل كەلتۈرۈپ، شۇ مەسىلىنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر شەرھلەپ بېرىش ئاساسىدا ۋەز-تەبلىغكە تەييارلىق قىلىشى لازىم (مۇھىم نۇقتا ئېنىق بولمىغان، بىر قاتار مەسىلىلەر ئاز-ئازدىن شەرھلەنگەن ۋەز-تەبلىغ ماقالىلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ)؛

مۇسابىقىغە دائىر كونكرېت تەلەپلەر ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە ئۇقتۇرۇلدى، بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار 12-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن ئىسلام يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ. يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋەز-تەبلىغ ماقالىلىرىنى جەمئىيىتىمىزگە يوللاپ بەرگەندىن كېيىن، تەلەپكە ئۇيغۇن بولغانلىرى تاللىنىپ، رەسمىي مۇسابىقىغە قاتناشتۇرۇلىدۇ ۋە بۇلاردىن تاللانغانلىرى جەمئىيىتىمىز نەشر قىلماقچى بولۇۋاتقان «ۋەز-تەبلىغلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلىدۇ.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

# تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلدى

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى 1997-يىل 9-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 9-كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپتە ئېچىلدى.

يىغىنغا ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، سىياسىي كېڭەش مەسئۇللىرى كېلىپ ئەزالارنى يوقلىدى ۋە يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر)لىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، تەكلىپ ۋەكىللەردىن بولۇپ 30دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىندا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى زۇنۇن ئىسمائىل ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتى 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇرەھىم قارىي ھاجىم ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى.

يىغىندا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى كېرەم ئىبراھىم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابلا قاسىم قاتارلىق ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن مۇھىم سۆز قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى، كەڭ دىنىي زاتلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(شاھمەردان ئىمىنىياز)

# بۈگۈر ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى

بۈگۈر ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يىل 9-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە "بەشتە ياخشى" مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى، "بەشتە ياخشى" دىنىي زاتلار ۋە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا 35 دىنىي زاتنى بايىنغولىن تەۋەسىدىكى قاراشەھەر، باغراش ناھىيىلىرى ۋە كورلا شەھىرىنى ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. دىنىي زاتلار بۇ ناھىيە ۋە شەھەرلەردىكى مەسچىتلەرنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش، قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەسچىتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق مەسچىتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامداش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، مەسچىتلەرنىڭ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش تەجرىبىلىرىنى ۋە بۇ ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيان بارلىققا كەلگەن جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئۆگەندى ھەمدە باشئەگىم سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، "بەشتە ياخشى" مەسچىتلەر ۋە باغراش كۆلى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق دىنىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitab.com

زاتلار ياخشى تەسراتلارغا ئىگە بولۇپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ جايلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆز جايلىرىدا قانات يايدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە بۇگۇر ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلارنى ئۆز خىراجىتى بىلەن شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغاندىن كېيىن ئۆز ئوبلاستىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان 2-قېتىملىق ئېكسكۇرسىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(تۇيغۇن ئابدۇرەھىم)

## ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتكەنلەرگە ئوقۇش مۇكاپاتى تەسىس قىلغان مەسچىت

بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مىنتۇگۇ رايونىدىكى چىڭزى مەسچىتى ئۆز تەۋەسىدىكى خۇيزۇلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئەتراپتىكى ئالغا كەتكەن قېرىنداش مىللەتلەرگە قارىغاندا ئارقىدا قېلىۋاتقان ھالىتىنى تېزرەك ئۆزگەرتىپ، دەۋر قەدىمىگە يېتىشىۋېلىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ھەر يىلى مەسچىتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامداش خىراجىتى كىرىمىدىن 20 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئوقۇش مۇكاپاتى تەسىس قىلىش بىلەن، خۇيزۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىغا ئىلھام بېرىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

ئۇلارنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولغان: مىنتۇگۇ رايونىغا تەۋە خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلا بولىدىكەن، ئالىي مەكتەپ ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتسىلا، مەكتەپنىڭ قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى ۋە رايونلۇق خەلق ئىشلىرى تارمىقىنىڭ ئىسپاتنامىسى، ئۆزىنىڭ نوپۇس كىنىشكىسى ھەم كىملىكى (سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى)نى ئېلىپ كەلسە، ئوقۇش مۇكاپاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈپ لاياقەتلىك دەپ قارىغاندىن كېيىن ئوقۇش مۇكاپاتى بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۆلچىمى: ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىغا ئۆتكەن ئوقۇغۇچىغا 5000 يۈەن، مەخسۇس كۇرس (ئالىي تېخنىكوم) سىنىپىغا ئۆتكەن ئوقۇغۇچىغا 3000 يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ. بۇ پۇل ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ. بىرىنچى قېتىمدا تولۇق كۇرس سىنىپىغا ئۆتكەن ئوقۇغۇچىغا 3000 يۈەن، مەخسۇس كۇرس (ئالىي تېخنىكوم) سىنىپىغا ئۆتكەن ئوقۇغۇچىغا 2000 يۈەن بېرىلىدۇ؛ قالغان قىسمى شۇ ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، مەكتەپ پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ كەلگەندە بېرىلىدۇ. ناۋادا ئارىلىقتا ئوقۇشتىن سەۋەبسىز چېكىنىپ كەتكەن بولسا، ئوقۇش مۇكاپات پۇلى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ.

بۇ تۈزۈم 1994-يىلى يولغا قويۇلغاندىن بېرى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن ئۈچ نەپەر خۇيزۇ پەرزەنتى بۇ ئوقۇش پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا چوڭ تەسىر قوزغىغان. ئۇلار ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىدىغان چاغدا مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، بۇ مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىنى تەبرىكلەيدىكەن، مۇناسىۋەتلىك زاتلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە باشلىقى سۆزلەيدىكەن، ئوقۇشقا ئۆتكەن ئوقۇغۇچىمۇ چوقۇم ياخشى ئوقۇپ، جامائەتنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىكەن. بۇ ئەھۋال جامائەت ئارىسىدىمۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ ناھايىتى ياخشى تەسىر پەيدا قىلغان. جامائەتتىن بەزىلەر: ”بۇ ھەقىقەتەن يېڭى بىر ئىش بولدى، ئىلگىرى بىز جامائەت مەسچىتنى باقاتتۇق، ئەمدىلىكتە مەسچىت ئۆزىنىڭ تىجارەت كىرىمىدىن پۇل ئاجرىتىپ جامائەتكە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىۋاتىدۇ، مانا بۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ مېۋىسى دېيىشكەن.“

(لىۇ جېشىڭ، ياڭ داۋشىڭ)

# ئابدۇقادىر ھاجىم سانجۇ يېزىسىدىكى نامراتلارغا 100 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى

گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىسىدىكى نامراتلار، مېيىپ، "بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە"لەر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئولتۇرۇشلۇق ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىر ئابدۇقادىر ھاجىمنىڭ 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قىممىتىدىكى نەق پۇل ۋە جىددىي ئېھتىياجلىق ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلىشىغا ئېرىشتى.

ئابدۇقادىر ھاجىم گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىسىدىن بولۇپ، 1947-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ تىرىشىپ ئىشلەپ، ھالال تەر ئاققۇزۇش بەدىلىگە ئائىلە ئىقتىسادى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، كاتتا بايلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ بېيىغاندا ئۆز يۇرتىنى، ئاجىز، مېيىپ، نامرات قېرىنداشلىرىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى.

ئابدۇقادىر ھاجىم 1987-يىلى سانجۇ يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ بۇغدايلىرىنى كەلكۈن سۇيى ۋەيران قىلىۋەتكەندە، نامرات دېھقانلارغا 20 مىڭ كىلوگرام بۇغداي ياردەم قىلغان. 1989-يىلى 8-كەنت مەسچىتىنىڭ خەتەرلىك ھالدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەسچىتنى يېڭىلاپ سېلىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن بۇيان نامراتلارغا ھەر يىلى پۇل ئەۋەتىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ يىل 8-ئايدا ئابدۇقادىر ھاجىم سانجۇ يېزىسىغا تۇققانلىرىنى يوقلاپ كەلگەندە، يەنە نامرات، مېيىپلاردىن 144 كىشىگە 27 مىڭ 100 يۈەن ياردەم قىلدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ياردەم قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

(ئابلىمىت مۇھەممەت)

## ♥ ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر ♥

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، ژۇرنالدىن بەھرىمەن بولغان بىر قىسىم دىنىي قېرىنداشلار، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىسانە ئىئانە ئەۋەتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ژۇرنالنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى ئۇلارغا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

ئاللاتائالا ئۇلارغا ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم شەرىپى:

1. ئاقچى ناھىيىسىدىن: **ھۈسەيىن ھاجى** (قىرغىز) 300 يۈەن
2. پوسكام ناھىيىسىدىن: **زىننەت ئۆمەر** 200 يۈەن
3. كورلا شەھرىدىن: **ئايشەم مامۇت** 100 يۈەن
4. غۇلجا شەھرىدىن: **يەھيا قارىي ھاجى** 50 يۈەن
5. ئۈرۈمچى شەھرىدىن: **ھوشۇر ھاجى** 100 يۈەن
6. ئۈرۈمچى شەھرىدىن: **ھەلىمە خانىم مۇھەممەد** 50 يۈەن
7. ئۈرۈمچى شەھرىدىن: **ئۆمەر جان زاھىر** 20 يۈەن
8. ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىن: **قۇربان ئىسمائىل** 50 يۈەن
9. ئاتۇش شەھرىدىن: **قاسىم ھاجىم** 10 يۈەن
10. بېيجىڭ شەھرىدىن: **ئامانتاي** (قازاق) 40 يۈەن

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.**

www.uyghurkitap.com



# روزا تۇتۇش ۋاقت جەدۋىلى ھەققىدە

ئىسلام دىنىدىكى ھەرقانداق دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ بەلگىلەنگەن مۇقىم ۋاقتى بولۇپ، ھەرقانداق پائالىيەتنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش ئەمەللەرنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا، ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولۇشىغا، ئەجىر-ساۋابقا تولۇق لايىق بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى، شۇڭا ئىسلام دىنىمىز ھەرقانداق دىنىي پائالىيەتلىرىمىزنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشىمىزنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەگەر باشقىچە ئەھۋاللار يۈز بېرىپ، پائالىيەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش ئىمكانىيىتى، شارائىتى تولۇق بولمىسا، كېچىكتۈرۈپ ئورۇنداشقا يول قويىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىپ» كىتابلىرىدا نۇرغۇنلىغان يوليورۇقلار بار.

ئىسلام دىنىدا ھەر يىلى ھىجرىيىنىڭ 9-ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش بەلگىلەنگەن، بۇ روزا تۇتۇشنىڭ باشلىنىش ۋە ئاياغلىشىش ۋاقتىمۇ ئالاھىدە بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھىلال ئاي كۆرۈش ئارقىلىق باشلىنىدىغانلىقى، ھىلال ئاي كۆرۈش ئارقىلىق ئاياغلىشىدىغانلىقى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز: ”سىلەر ھىلال ئاينى كۆرۈش ئارقىلىق روزا تۇتۇشنى باشلاڭلار، ھىلال ئاي كۆرۈش ئارقىلىق روزاڭلارنى ئېچىڭلار، ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولۇپ (ھىلال ئاينى) كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمىسا، شەئبان (ھىجرىيە 8-ئاي)نى تولۇق 30 كۈن تولدۇرۇڭلار“ دېگەن. بۇنىڭدىن باشقا بىزنىڭ رامىزان ئېيىدىكى كۈندىلىك تۇتىدىغان روزىمىزمۇ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ ۋاقتى تاڭ سۈزۈلگەندىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغانغاقەدەر داۋاملىشىدۇ، ھەربىر مۇسۇلمان كىشى روزا تۇتقان ۋاقتىدا، چوقۇم مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە يېيىشتىن، ئىچىشتىن، ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن، روزىنى بۇزۇپ قويىدىغان بارلىق ئامىللاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە روزىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ قويسا، روزىسى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا روزا تۇتقان كىشى سۇھۇرلۇق تاماقنى بەك بالدۇر يەۋېلىپ، روزا تۇتۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىۋالىدىغان، كۈندۈزى ئۆزىنى قىيناپ قويىدىغان، كەچتە ئىفتار قىلىشقا ئالدىراپ كېتىپ، بالدۇر ئىفتار قىلىپ قويىدىغان ياكى ئىفتارنى كېچىكتۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىشى كېرەك. بىزنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دەپ يوليورۇق كۆرسەتكەن: ”مېنىڭ ئۈممەتلىرىم ئىفتارنى ئالدىراپ (دەسلەپكى ۋاقتىدا)، سۇھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈپ (ئاخىرقى ۋاقتىتا) قىلىدىغانلا بولسا، ئۇلار چوقۇم بىر ياخشى ھالەتتە بولىدۇ“.

بىز كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋاقتىنىڭ ئوچۇق-ئېنىق بولۇشىنى، سۇھۇرلۇق، ئىفتارلىق تاماقلىرىنىڭ دەل ۋاقتىدا بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ ھەممە تۇتقان روزىنىڭ ئۇلۇغ ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا مۇكەممەل، ھەم مەقبۇل بولۇشىنى تىلەپ، زور ئەجىر-ساۋابلارنى ئۈمىد قىلىپ، بۇ جەدۋەلنى تۈزۈپ چىقتۇق. جەدۋەلنى تۈزۈش جەريانىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاسترونومىيە ۋە ھاۋا رايى ئورگانلىرىنىڭ ھېسابلاپ چىقارغان ۋاقىت جەدۋەللىرى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بەزى مەسچىتلەردە قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ۋاقىت ئۆلچەملىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 12 چوڭ شەھەرنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىق ۋاقىت پەرقىغە ئىمكانىيەت قويغان ئاساستا سۇھۇر، ئىفتار ۋاقىتلىرى بېكىتىلدى، تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن ئىسلام دۆلەتلىرىدە قوللىنىپ كېلىۋاتقان رامىزانلىق روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋەللىرى ئاساس قىلىندى. بۇ جەدۋەلدىكى بارلىق ۋاقىت بەلگىلىمىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، قالغان 11 شەھەرنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ۋاقىت پەرقى ئەسكەرتىلدى، پەرقلەندۈرۈپ پايدىلىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز، روزىڭىزلارنى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاتائالا قوبۇل قىلغاي (ئامىن!)

(تۈزگۈچى: مۆھتەرەم ھاجى)

## ھىجرىيە 1418-يىللىق روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى)

| مىلادى | رامىزان | ھەپتە كۈنلىرى | سوھۇر ۋاقتى | تاڭ سۈزۈلۈش | كۈن چىقىش | پېشىن | دىگەر | ئىفتار-شام | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 31.12.97 | 1 | چارشەنبە | 4:49 | 5:41 | 7:47 | 12:20 | 14:33 | 16:47 | 17:26 |
| 1.1.98 | 2 | پەيشەنبە | 4:49 | 5:41 | 7:47 | 12:20 | 14:34 | 16:48 | 17:27 |
| 2 | 3 | جۈمە | 4:49 | 5:41 | 7:47 | 12:20 | 14:35 | 16:49 | 17:28 |
| 3 | 4 | شەنبە | 4:49 | 5:41 | 7:47 | 12:20 | 14:36 | 16:50 | 17:29 |
| 4 | 5 | يەكشەنبە | 4:48 | 5:41 | 7:46 | 12:20 | 14:37 | 16:51 | 17:30 |
| 5 | 6 | دۈشەنبە | 4:48 | 5:40 | 7:46 | 12:20 | 14:38 | 16:52 | 17:31 |
| 6 | 7 | سەيشەنبە | 4:48 | 5:40 | 7:46 | 12:20 | 14:39 | 16:53 | 17:32 |
| 7 | 8 | چارشەنبە | 4:47 | 5:40 | 7:45 | 12:20 | 14:40 | 16:54 | 17:33 |
| 8 | 9 | پەيشەنبە | 4:47 | 5:39 | 7:45 | 12:20 | 14:41 | 16:55 | 17:34 |
| 9 | 10 | جۈمە | 4:47 | 5:39 | 7:45 | 12:20 | 14:42 | 16:56 | 17:35 |
| 10 | 11 | شەنبە | 4:46 | 5:39 | 7:44 | 12:20 | 14:43 | 16:57 | 17:36 |
| 11 | 12 | يەكشەنبە | 4:46 | 5:38 | 7:44 | 12:20 | 14:44 | 16:58 | 17:37 |
| 12 | 13 | دۈشەنبە | 4:46 | 5:38 | 7:44 | 12:20 | 14:45 | 16:59 | 17:38 |
| 13 | 14 | سەيشەنبە | 4:45 | 5:38 | 7:43 | 12:20 | 14:46 | 17:00 | 17:39 |
| 14 | 15 | چارشەنبە | 4:45 | 5:37 | 7:43 | 12:20 | 14:47 | 17:01 | 17:40 |
| 15 | 16 | پەيشەنبە | 4:44 | 5:37 | 7:42 | 12:20 | 14:49 | 17:03 | 17:42 |
| 16 | 17 | جۈمە | 4:44 | 5:36 | 7:42 | 12:20 | 14:50 | 17:04 | 17:43 |
| 17 | 18 | شەنبە | 4:43 | 5:36 | 7:41 | 12:20 | 14:51 | 17:05 | 17:44 |
| 18 | 19 | يەكشەنبە | 4:42 | 5:35 | 7:40 | 12:20 | 14:52 | 17:06 | 17:45 |
| 19 | 20 | دۈشەنبە | 4:42 | 5:34 | 7:40 | 12:20 | 14:54 | 17:08 | 17:47 |
| 20 | 21 | سەيشەنبە | 4:41 | 5:34 | 7:39 | 12:20 | 14:55 | 17:09 | 17:48 |
| 21 | 22 | چارشەنبە | 4:40 | 5:33 | 7:38 | 12:20 | 14:56 | 17:10 | 17:49 |
| 22 | 23 | پەيشەنبە | 4:40 | 5:32 | 7:38 | 12:20 | 14:58 | 17:12 | 17:51 |
| 23 | 24 | جۈمە | 4:39 | 5:32 | 7:37 | 12:20 | 14:59 | 17:13 | 17:52 |
| 24 | 25 | شەنبە | 4:38 | 5:31 | 7:36 | 12:20 | 15:00 | 17:14 | 17:53 |
| 25 | 26 | يەكشەنبە | 4:37 | 5:30 | 7:35 | 12:20 | 15:01 | 17:16 | 17:55 قەدىر كېچىسى |
| 26 | 27 | دۈشەنبە | 4:36 | 5:29 | 7:34 | 12:20 | 15:02 | 17:17 | 17:56 |
| 27 | 28 | سەيشەنبە | 4:35 | 5:28 | 7:33 | 12:20 | 15:03 | 17:18 | 17:57 |
| 28 | 29 | چارشەنبە | 4:34 | 5:27 | 7:32 | 12:20 | 15:05 | 17:20 | 17:59 |
| 29 | 30 | پەيشەنبە | 4:33 | 5:26 | 7:31 | 12:20 | 15:06 | 17:21 | 18:00 |
| 30 | شەۋۋال | جۈمە | ھېيت | 5:25 | 7:30 | 12:20 | 15:07 | 17:22 | 18:01 |

ئۈرۈمچى شەھرى بىلەن ۋاقىت جەھەتتىن پەرقلىنىپ، سوھۇر ۋاقتى ۋە ئىفتار ۋاقتى بۇرۇن-كېيىن كېلىدىغان شەھەرلەر

| ئۈرۈمچى شەھرىدىن | مىنۇت بۇرۇن | ئۈرۈمچى شەھرىدىن | مىنۇت كېيىن |
|---|---|---|---|
| 1. ئالتاي شەھرى | 19 | 1. خوتەن شەھرى | 49 |
| 2. قۇمۇل شەھرى | 6 | 2. قەشقەر شەھرى | 58 |
| 3. تۇرپان شەھرى | 5 | 3. ئاتۇش شەھرى | 57 |
| | | 4. ئاقسۇ شەھرى | 35 |
| | | 5. غۇلجا شەھرى | 28 |
| | | 6. كورلا شەھرى | 10 |
| | | 7. سانجى شەھرى | 5 |
| | | 8. شىخەنزى شەھرى | 3 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


# ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىللىق سانلىرىنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

♥ شىڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە تەنتەنە ♥

ۋەتەننى سۆيۈش—ئىماننىڭ كەۋدىلىنىشى ............................................ (2.4)

شياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرى ............................................ مىن شەنلياڭ (2.8)

قەشقەر ۋىلايىتىدە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى

ئېلىپ بېرىلدى ............................................ ياقۇپ ھاجى (3.58)

♥ ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى ♥

ئىسلام دىنى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدا مۇلاھىزە ...... ئىبراھىم فېڭ جىڭيۈەن (1.4)

ئاخۇنلارنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئورنى ۋە رولى............................................ ئايۇپ (1.10)

ئۈمىد ئاخۇنلاردا ............................................ ليۇ جېن (1.13)

ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق كۆز قارىشى توغرىسىدا ............................................ مەھمۇد يۈسۈف لى خۇايىڭ (2.17)

بەندە ئۆز قىلمىشى ئالدىدا جاۋابكار ............................................ جاڭ چيەن (2.29)

مۇسۇلمانلار ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشى كېرەك ............................................ ئۆمەرجان مۇھەممەد (2.32)

پاكىزلىق—ئىماننىڭ يېرىمى ............................................ يۈسۈپجان مۇھەممەد ھىلالى (2.34)

قۇرئاندىكى "سەبر" سۆزى توغرىسىدا............................................ ئابدۇمجىت مۇھەممەت (2.36)

ئىسلام دىنىنىڭ "بىلمەك بىلەن قىلماقنىڭ بىرلىكى" كۆزقارىشى ............................................ ئابدۇۋەھاب سۇڭ ئېنلىن (3.7)

«قۇرئان كەرىم» دىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ ئورنى مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە

............................................ قەمبەرنىسا مۇھەممەد ھاجى، چىمەن نەجمىددىن (3.15)

روزا روزا ھېيت ............................................ ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى (3.20)

ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى توغرىسىدا ............................................ ئابدۇۋەھاب (4.7)

«سۈرە كەۋسەر» نىڭ نازىل قىلىنىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئىسلام دىنىنىڭ ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى ئىدىيىسىگە بىر نەزەر

............................................ لى خۇڭمىڭ (4.14)

«قۇرئان كەرىم» نى تومار قىلىپ ئېسىۋېلىش جايىزمۇ؟ ......... ئىسمائىل ياقۇب، مۇھەممەت تۇرسۇن يۈسۈپ (4.19)

«قۇرئان كەرىم» دىكى 36-سۈرە (ياسىن سۈرىسى) 36-ئايەت بىلەن 21-سۈرە (ئەنبىيا سۈرىسى) 32-ئايەتنىڭ ئىلمىي

شەرھىسى ............................................ غازىز ھاجى داموللا (قازاق) (4.34)

♥ ئىسلام ئەقىدىلىرى ♥

تەۋھىد ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ............................................ شىھابىدىن ئابدۇللەھەد (4.21)

♥ ۋەز-تەبلىغ ♥

ئىسلام دىنىدىكى ۋاپادارلىق ............................................ جاڭ خۇڭجۈن (1.17)

ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار نۇقتىسىنەزىرى توغرىسىدا ............................................ مۇ خۇافېن (1.22)

«ئاللانى بىر دەپ تونۇش» ئىماننىڭ مېغىزىدۇر ............................................ ما يىخا (4.25)

—— «سۈرە، ئىخلاس» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئىسلام دىنىنىڭ ئىتتىپاقلىق نۇقتىسىنەزىرى توغرىسىدا............................................ دەي جۇنفېڭ (4.28)

ئىسلام دىنىنىڭ تۇغۇلۇش-ئۆلۈش نۇقتىسىنەزىرى توغرىسىدا ............................................ خۇاڭ يىچۈەن (4.31)

♥ ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى ♥

مۇسۇلمانلار كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك ............................................ جاڭ چيەن (1.27)

ئىسلام دىنىدىكى بىرقانچە ئەدەب-ئەخلاق ............................................ ئابدۇخالىق ئالىم (3.12)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەب-ئەخلاقى ............................................ ئابدۇخالىق ئالىم (4.36)

ئىسلام دىنى ۋە ئىنسانىي پەزىلەت ............................................ ئۆمەرجان مۇھەممەت (4.38)

♥ ياش ئالىملىرىمىز ♥

يەنىمۇ ئۆرلە تەڭرىتاغ ئوغلى ........................................ تاشقىن (1.29)
—— دوكتور ئاشتى خالمۇرات غوپۇرنى زىيارەت
شان-شەرەپ ئالدىدا تېڭىرقىماس ياش ئەزىمەت ........................ ئابدۇكېرىم راخمان (2.39)
—— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياش پروفېسسورى تاشپولات تېيىپ ھەققىدە
ئىجتىھاتنىڭ كۈچى .................................... گەنۋەر مۇھەممەد (3.27)
—— مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى ئۇيغۇر ئالتايشۇناسلىق دوكتورى، تىلشۇناس لېتىپ توختى توغرىسىدا

♥ تۆھپىكار دىنىي زاتلار ♥

نامراتلارنىڭ يۆلەنچۈكى، يېتىملارنىڭ ئاتىسى .................. ياقۇپ ھاجى (1.36)
بېيىش يولىدىكى باشلامچى .................................... سايرا يۈسۈپ (1.39)
دىنىي زاتلارنىڭ ھىممىتى .................................... ياقۇپ ھاجى (1.39)
پەيزىۋات ناھىيىسىدە دىنىي زاتلار نامرات ئائىلىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزدى .............. ياقۇپ ھاجى (1.40)
مەرىپەتپەرۋەر ۋە ساخاۋەتلىك دىنىي زاتلار ........................ ياقۇپ ھاجى (1.40)
ئەل سۆيەر خەير-ساخاۋەتچى دىنىي زاتلار ........................ شاھمەردان، ياقۇپ ھاجى (2.57)
دىنىي زاتلار يېتىم-يېسىرلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى .................. يالقۇن (3.60)
قاراشەھەر ناھىيىسىدە دىنىي زاتلار مائارىپنى قوللاپ، نامراتلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزمەكتە... ئوسمان تۇرسۇن (1.4)
پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىغان دىنىي زات ........................ ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (4.46)

♥ ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار ♥

مەرىپەتكە ساخاۋەت ............................................ ئابدۇكېرىم ئۆمەر (4.45)
ئابدۇقادىر ھاجىم سانجۇ يېزىسىدىكى نامراتلارغا 100 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى ...... ئابلىمىت مۇھەممەت (4.59)

♥ ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار ♥

ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى .................. ئىلھام توختى (3.33)
ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلاردىكى يېمەك-ئىچمەك تەقىبلىرى .................. نۇر مۇھەممەد توختى (3.41)
ئۇيغۇرلاردىكى توي ئىسراپچىلىقى توغرىسىدا ........................ مەتىمىن ئابلىھېكىم (3.45)
ئىسلام دىنىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلەيلى
........................................ تۇرسۇن مۇھەممەد شەۋكەت (3.47)

♥ بىلىم گۈلزارى ♥

مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ رەتلىنىشى .................. ئۆمەرجان مۇھەممەد (1.43)
سەككىز ياشلىق قارىي قىز ........................................ مەھمۇدى (1.45)
ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ .................................... توپلىغۇچى: ياقۇپ ھاجى (2.46)

♥ ئىسلام دۇنياسى ♥

ئىسلام دۇنياسىدىكى غەربلىشىش مەسىلىسى ............................ مۇسا (4.47)
دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئاھالىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ........................ مۇسا (4.48)

♥ دوستانە بېرىش-كېلىشلەر ♥

قاھىرە سەپىرى ................................................ ما ۋېنجۇن (4.50)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ 9-نۆۋەتلىك مەجلىسىگە قاتناشتى
................................................ لوقمان ما شەنيى (4.52)
ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇش ................................ ۋاڭ گىنمىڭ (4.53)

♥ مەسچىت-جامەلەر ♥

بۈگۈر ناھىيە يېڭىسار يېزىسىدا يېڭىدىن سېلىنغان جامە مەسچىتى .................. تۇيغۇن ئابدۇرەھىم (1.47)
ھەرىكەتتىن بەرىكەت —— كۈچۈڭ ناھىيە بازىرىدىكى دۆڭمېن مەسچىتىنىڭ بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ بەرىكەت
تېپىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ........................................ ئابلىمىت قۇربان (2.43)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

♥ مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىدىن ♥
نەزىر-چىراغ ھەققىدىن خەير-ساخاۋەت ........................ ھاجى مەھمۇدى (1.48)
♥ ئىسلام ئاسارئەتىقىلىرى ♥
سۇلتان ئۇۋەيىسخان مازىرى ........................ ئابدۇرىشت ئالىم (2.47)
ئىمامى ئەپتەھ مازىرى........................ مۇھەممەتئىمىن قۇربان (2.48)
ھەزرىتى ئەلپەتتا خوجام مازىرى ........................ ئابدۇراخمان ئابدۇللا (4.44)
♥ 1997-يىللىق ھەج پائالىيىتى ♥
جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى
........................ رىشت ھاجى (2.49)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ ساق-سالامەت قايتىپ كەلدى
........................ مەھمۇدى (2.52)
ھەج مەزگىلىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مىنا رايونىدا زور ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، جۇڭگو ھاجىلىرى ساق-سالامەت
........................ مەھمۇدى (2.53)
♥ جۇڭگو ئىسلام مائارىپى ♥
قورغاس ناھىيىلىك ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش مەركىزىدە تۇنجى قارار تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈردى
........................ ئۆمەر ما فاڭ (1.58)
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى
........................ ياقۇپ ھاجى (3.55)
قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش نۇقتىسىنىڭ ئىككىنچى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى
........................ يۇنۇس سادىق (3.55)
پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان دىنىي خادىملار تەربىيىلەش كۇرسى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى
........................ ياقۇپ ھاجى (3.56)
تېكەس ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئوقۇتۇش مەركىزىدە تۇنجى قارارلىق تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈردى
........................ ئۆمەرجان شاۋۇدۇن (3.56)
بۈگۈر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئىماملار ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى ........................ تۇيغۇن ئابدۇرەھىم (3.57)
«قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشتا بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار توغرىسىدا ........................ ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (4.40)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام دىنى دەرسلىرىنى ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە
قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى ........................ خۇاڭ لىيا (4.42)
تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي، كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلىمەكتە........................ شاھمەردان ئىمىنىياز (4.43)
♥ ئىسلام جەمئىيىتى پائالىيەتلىرى ♥
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قارىيلارنى ئەۋەتىپ، خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇردى ئىمادىدىن (1.49)
شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكىلەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە سۆھبەتتە بولدى مەھمۇدى (1.49)
ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى........................ سۇي جۇنجي (1.49)
ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى دايىم داۋۇت (1.50)
قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرماقتا........................ ياقۇپ ھاجى (1.50)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ........................ مەھمۇدى (2.12)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى ........................ يۇسۇف جەۋاد (2.15)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى
داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى ........................ ھاجى مەھمۇدى (3.5)
قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى يېزا-بازارلىرىدا شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى ........................ ياقۇپ ھاجى (3.60)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنى زىيارەت قىلدى ........................ ھاجى مەھمۇدى (4.55)



ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ئا-
لاھىدە ياردەم بېرىش ئىشخانىسىنىڭ
مۇدىر ياردەمچىسى دوكتور مۇھەممەد
ھەسەن سەلىم ۋە جۇڭگودىكى قورۇ-
لۇش تۈرلىرىگە مەسئۇل ئىنژېنېر ئاد-
ئانلار 1997-يىل 6-ئاينىڭ 9-كۈنى
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت
قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ
مەسئۇللىرى مېھمانلار بىلەن سەمىمىي
سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن خاتىرە ئۈ-
چۈن بىللە سۈرەتكە چۈشتى.



► 1997-يىل 7-ئاينىڭ 13-كۈنى جۇڭگو ئىسلام
جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سەئىد ما
يۈنفۇ، مۇئاۋىن باش كاتىپى لوقمان ما شەنيى تەكلىپكە
بىنائەن مىسىرغا بېرىپ، ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ
9-نۆۋەتلىك مەجلىسىگە قاتناشقان مەزگىلدە، ئەزھەر
شەيخى دوكتور تانتاۋى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ
بىللە سۈرەتكە چۈشتى.

▼ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەر
ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي
مەكتەپنىڭ 3-قارارلىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلىرى
بىلەن بىرگە سۈرەتكە چۈشتى.

